
ياسىن ھاجىم ماھمۇدى

# ۋەتەنگە مۇھەببەت



ياسىن ھاجىم ماھمۇدى

مەزكۇر كىتاپ قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق»
جەمىيىتىنىڭ تەركىۋىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتچىلىرى
ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن تەييارلاندى

كىتاپ ياسىن ھاجىمنىڭ ئۆز خىراجىتى
بىلەن نەشىر قىلىندى، ئاۋتورنىڭ 80 يىللىق تەۋەللۇدى
مۇناسىۋىتى بىلەن بىكارغا تارقىتىلىدۇ.

ياسن هاجم ماهمۇدى

# ۋەتەنگە مۇھەببەت

بشكەك ـ 2011

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز.................................................3

## شېئىرلار

ياشلىقىم .................................................7
دوستۇم ھاجى ئەسلەيمەن سىنى..........................8
مەشرىپىم.................................................9
كۆرەش ئۆلمەيدۇ.........................................11
ئىرادىڭىز ئەلگە بىر كۆن ئەسقاتىدۇ.....................12
ئەسلەيمەن سىنى..........................................15
بولدۇم.....................................................17
ئەۋلادىڭ مەڭگۈگە ئۆنتۇماس سىنى......................18
دوستلارغا.................................................19
ئائىلەمگە.................................................20

## ھېكايىلار

قەپەزدىكى توتى قۇش....................................27
خائىنىنىڭ كاللىسى........................................32
ئايلىخانىنىڭ كۈلكىسى...................................37

## ماقالىلار

«مىللەتىلىك» دىگەن نىمە؟.............................49
بىز نەگە كېتىپ بارىمىز؟...............................55
ئۇنىڭ يىلتىزى نەدە؟....................................60
ۋەتەن داۋاسىنى كىم قىلىش كېرەك؟.....................66

شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟.......................74
ۋەتەن داۋاسى مۇستەقىللىق ئۈچۈندۇر!...................77
بىزگە پەقەت ئەركىنلىك كېرەك.......................89
ئەدەپ - ئەخلاق توغرىسىدا بەزى پىكىرلەر...............94
مەدەنىيەتلىك بولۇشنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟.........108
ۋەتەن ساۋداسىغا ئايلانغان ئاشىق!......................111
تالاقنى تالىشىپ قالدى.................................116
ئۈنتۈلماس كۈنلەر...................................... 120

УДК 82/821
ББК 84 Уйг. 7-4
М 36

Ясын-хаджи Махмуди

М 36 Любовь к родине: стихи и рассказы. - Б.: 2011. - 128с.

ISBN 9967-423-79-X

مەزكۇر كىتاپ ياسىن ھاجىم ماخمۇدىنىڭ 2004 - يىلى يورۇق كۆرگەن «ھايات يولى» ناملىق كىتاۋىنىڭ ئىككىنچى قىسمى. مۇئەللىپ بۇ كىتاۋىدا ھەم ۋەتەن، مىللەت بېشىغا چۈشكەن ۋە چۈشۈۋاتقان كۈلپەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، ۋەتەنىنىڭ چوقۇم ئازات بولىدىغانلىقىغا ئۈمۈت بىلەن قارايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە بېغىشلانغان ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاپ ئۈسسۈلىغىنى قاندۇرىدۇ.

М 4702300600-11

УДК 82/821
ББК 84 Уйг. 7-4

ISBN 9967-423-79-X

ي. ماھمۇدى ، 2011

# كىرىش سۆز

ياسىن ھاجىم ماخمۇدى قىرغىزستاندا ياشاپ، ئۆزىنىڭ يازغان شېئىر، ھېكايە ۋە سىياسىي پۇبلىستىك ماقالىلىرى بىلەن قىرغىزستان ئۇيغۇر جامائىتى ئىچىدە كەڭ تونۇلغان ئەدىپلىرىمىزنىڭ بىرى.

ئۇنىڭ «ھايات يولى» ناملىق شېئىر، ھېكايە ۋە ئوچېرك - ماقالىلاردىن تەركىپ تاپقان توپلىمى 2004 - يىلى نەشردىن چىققان. بۇ نۆۋەتتىكى «ۋەتەنگە مۇھەببەت» كىتاۋى ئەدىپنىڭ 6 - 7 يىل ئىچىدە يازغان شېئىر ھېكايە ۋە پۇبلىستىك ماقالىلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ياسىن ھاجىمنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ۋەتەنگە مۇھەببەت، دوستلۇق تېمىلىرىغا بېغىشلانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى «بولدۇم» شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ۋەتەن ئىشقىدا كۆيۈپ - كۇل بولۇپ،
قوشاقلار قېتىپ سەۋدائىي بولدۇم.
قەلەمنى ئېلىپ قوشۇلۇپ سەپكە،
ئەلنىڭ يولىدا پىدائىي بولدۇم.

قاراڭغۇ تۈندە ئىڭراپ سەبدەك،
ئانا ۋەتەن دەپ بىگانە بولدۇم.
زۇلمەت زەنجىرىن ئۈزۈپ ئۆتەلمەي،
بىر ئۆمۈر دوستلار ئاۋارە بولدۇم.

شائىر بۇ شېئىرىدا ئازاتلىق، ئەركىنلىك ئارزۇسى بىلەن بىر ئۆمۈر ھاياتىنىڭ ئۆتكەنلىكىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئۇنىڭ «ئەسلەيمەن سىنى»، «ئەۋلادنىڭ مەڭگۈگە ئۇنتۇماس سىنى» قاتارلىق شېئىرلىرى ئەنە شۇنداق ۋەتەن تېمىسىغا يېزىلغان.

ياسىن ھاجىم ماخمۇدنىڭ شېئىرلىرى تىلىنىڭ راۋانلىقى، تېماتىكا مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، ئىدىيەۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئوخشاش خۇسۇسىيەتلەرگە ئېگە.

ئەدىپنىڭ «ئايلىخانىڭ كۆلكىسى» ھېكايىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ-ئادەتلىرى تېمىسىغا يېزىلغان بولسا، ئاۋتور «خائىننىڭ كالللىسى» ھېكايىسىدە خەلقىمىزنىڭ 200 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ئىچىدە مۇستەقىللىق، ئازاتلىق كۆرەشلىرىنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى بولغان ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان مىللىي خائىنلارنىڭ ساتقۇنلۇقى ئېكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ھېكايىدا ساتقۇن توختىنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق بۇ پىكىرلەر ناھايىتى ئوچۇق تەسۋىرلەنگەن.

ياسىن ھاجىم ماخمۇدى «بىز نەگە كېتىپ بارىمىز؟»، «ئۇنىڭ يىلتىزى نەدە؟»، «ۋەتەن داۋاسىنى كىم قىلىش كېرەك؟» «ۋەتەن داۋاسى مۇستەقىللىق ئۈچۈندۇر» قاتارلىق سىياسىي پۇبلىستىك ماقالىلارنى يېزىپ مۇستەقىللىقىمىز، ۋەتەن داۋاسى ھەققىدىكى ئۆزىنىڭ پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنى ئىزھار قىلىش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ مىللىي غۇرورىنى ئۇيغۇتىشتا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

ئەدىپنىڭ «ۋەتەنگە مۇھەببەت» ناملىق بۇ كىتاۋىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار، ھېكايىلار ۋە پۇبلىستىك ماقالىلىرى كىتاپخانلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشىدۇ دەپ ئويلايمىز.

بۇ توپلام ئەدىپنىڭ 80 ياشلىق باھارى ھارىپىسىدا چىقىۋاتىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياسىن ھاجىم ماخمۇدىغا سالامەتلىك، ئىجادىيىتىگە يەنىمۇ چوڭ مۇۋاپپەقىيەتلەرنى تىلەيمىز.

ئەكبەرجان بائۇدۇن،
پەلسەپە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى.

# شېئىرلار

# ياشلىغىم

ئۆتۈپ كېتىپتۇ گۈلدەك ياشلىغىم،
ئاياق ـ قولۇمدا قالمىدى دەرمان.
قۇلۇغۇم ئېغىر، كۆزىمەن خىرە،
قەلبىمدە، بىراق نى بۈيۈك ئارمان.

ئۆتۈپ كېتىپتۇ گۈلدەك ياشلىغىم،
ۋاپاسى يوقكەن بۇ كەڭ جاھاننىڭ.
ۋەتەنسىز ياشاپ ياقا يۇرتلاردا،
ئېگىسى بولدۇم دەرتنىڭ ـ پۇغاننىڭ.

# مەشرىپىم

سالام بىرەي دەپ كەلدىم نامىڭ ئىسىل

مەشرىپىم،

سالىمىمنى قوبۇل قىل، دەيسەن: «قىتىل!...»

مەشرىپىم.

ئەجداتلاردىن ئەۋلاتقا مىراس بولۇپ - ئۆلىشىپ،

ئۇيغۇر نامى بېرىلگەن ئىناق - ئىجىل

مەشرىپىم.

ھەممىمىزگە ئەدەپنى ئۆگىتىسەن ئەبەتكە،

پىتنە - پاسات، ھەسەتنى تۆگىتىسەن ئەبەتكە.

ساتقىنلىقنى پاش ئىتىپ، دەستۇر ئىتىپ

دىيانەت،

يەرگە قاراپ تۇرغۇسى قىلسا كىملەر خىيانەت.

كۆلكىلىرى جاراڭلىق، كۆڭۈلسىزلىك ئۇندا يوق،

چاقچاقلىرى شىپالىق دەرتلىرىڭگە نۇر -

ئوزۇق.

تەمبۇر بىلەن دۇتارنى تەڭكەش قىلىپ چالغاندا،

بۇل - بۇل سايرار بەسمۇ - بەس كۆڭۈللەرگە

بىرىپ زوق.

يار - يۆلەكتۇر ھەر زامان ئوتتۇز ئوغۇل

دوستلۇرۇڭ،

سادىر بوۋام ناخشىسى ياڭراپ كېلەر قېدىمدىن.

# دوستۇم ھاجى ئەسلەيمەن سېنى

مەن كەلدىم سېغىنىپ دوستۇم تۇداجى،
قەبرىڭنىڭ ئالدىدا تىزلاندىم مانا.
سەن ئېدىڭ بىر قىران - يىگىت گۈلتاجى،
قېرىنداش، دوست ئېدىڭ مېھرىبان ماڭا.

سەن ئېدىڭ دوستلارنىڭ قەدرىنى بىلگەن،
سەن بىلەن شاتلىنىپ دوستلارمۇ كۈلگەن.
ئاۋازىڭ مەڭگۈگە كەتمەس قۇلاقتىن،
دۇتارىم يۇغانى ئاشقان پەلەكتىن.
شۇم ئەجەل ئېپ كەتتى ھاياتتىن سېنى،
ئىنسان بىز گوياكى - تۆكىلەر ياپراق.
باغ ياساپ، گۈل تېرىپ ئالەمدىن ئۆتتۇڭ،
مەڭگۈگە ئۇچمەيدۇ سەن ياققان چىراق.

ۋاپادار سۆيگىنىڭ، جۈپتىڭ رۇقىيەم،
سەن كەبى خۇش چىراي چىقتى ئالدىمغا.
كۆز يۇمماي مۇڭدۇشۇپ ئۆتكەن كېچىلەر،
شاتلىنار ھەر ۋاقىت مېنىڭ يادىمدا.

ھە، جىسمىڭ كۆمۈلدى، روھىڭ ھاياتتۇر،
ماھمۇدى زارىنى تىڭلا، قۇلاق سال.
بىزمۇ ھەم دۇنيادىن كېتىمىز بىر كۈن،
مەھشەردە كۆرگىچە، دوستۇم ئارام ئال.

# كۆرەش ئۆلمەيدۇ

(ۋەتەنپەرۋەر ئىنىم كۆرەش كۆسەنگە بېغىشلايمەن)

چاقماقلار چېقىپ، گۈلدۈرلەپ ھاۋا،
پۈتۈن ئالەمنى قاپلىدى تۇمان.
«كۆرەش ئۆلدى!...» دەپ كەلدى شۇم خەۋەر،
يۈرەكلەر يارا بولدى شۇ زامان.
ياق ئىشەنمەيمەن، ئۇ ھايات، ئەنە،
مەڭگۈ بىز بىلەن ياشايدۇ ھامان.

ۋەتىنى ئۈچۈن يارالغان جان ئۇ،
شۇڭلاشقا نامى «كۆرەش» قويۇلغان.
ھۆرلۈك مارشىنى تىزىپ رەتمۇ ـ رەت،
ئەلنىڭ قەلبىگە نەقىشتەك ئويغان.

پۈتكۈل تېنىمدا قالمىدى مادار،
كۆزدىن بۇلۇقلاپ ئاقماقتا يېشىم.
جەسۇر جەڭچىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ،
قايغۇغا چۆمدۈم، ئېگىلدى بېشىم.

ھايات سەن كۆرەش، ھايات ھەر زامان،
ياشايسەن مەڭگۈ دىللاردا ھامان.

يورىتىدۇ قەلبىڭنى، كۆرىنىدۇ كېلەچەك،
مىڭ ئۆرگىلەي مەشرىپىم، سېنىڭ ئۇشبۇ
ئېتىڭدىن.

ئاۋازىنى ئائىلاتتى ئۇلار پۈتۈن جاھانغا.
ئەشۇ كۈن قانچە ئايال بولدى قۇربان،
يەر زىمىن تىترەپ كەتتى ئاققان قانغا.
ئاياللار ئۆز دەردىنى بايان قىلدى،
قۇدرىتىن ئاياللارنىڭ ھەممە كۆردى.
ئەشۇ كۈن تەئخلىك كۈنى دەپ ئاتالدى،
زۇلمەتنىڭ زەنجىرلىرى تاق ئۈزۈلدى.
شاتلىقتىن كۆزلىرىدىن تۆكۈلدى ياش،
مەزلۇملەرگە باغرىنى ئاچتى قۇياش.
شاھ تۇققان، باتۇر تۇققان ئەشۇ ئانا،
ئاياللار قوشۇنىغا بولغاندى باش.
تەئخشەلمىگەن بىۋاپا دۇنيا كەن بۇ،
ئۇيغۇرنىڭ كۆز يېشىنى قۇرتمىدى.
بىر ئۆرۈپ، بىر تۇرغۇزۇپ ئالدىسمۇ،
زالىمنىڭ زۇلۇمىنى ئەل ئۇنتۇمىدى.
بىرىنى سىنىڭ بالاڭ «تېرروررچى» دەپ،
سوت سوراقسىز ئانىنى ئېتىۋەتتى.
بىرىگە سىنىڭ بالاڭ «پلانسىز» دەپ،
تىك تۇرغۇزۇپ قارنىنى يېرىۋەتتى.
بىرىنى پۇلغا زورلاپ ئالداپ بېرىپ،
«مابەئخزىگە» قۇل قىلىپ سېتىۋەتتى.
بىرىنى بىزگە قارشى سۆز قىلدى دەپ،
ئاشكارىلا تىلىنى كېسىۋەتتى.
بۇ بايرامدا ئازات ئەللەر يايرايدىكەن،
ئۆز ئېلىدە شادى خۇرام ئوينايدىكەن.
بىچارە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياللىرى،
ئازاپتىن قۇتۇلالماي يىغلايدىكەن.

# ئىرادىڭىز ئەلگە بىر كۈن ئەسقاتىدۇ

بىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھوزۇرىنى دەپ،
ئاياللارنىڭ پۇتىنى بوغۇپ سالدى.
بىرلىرى سېتىپ ئالغان قۇلۇم سەن دەپ،
ھايۋان كەبى دۇمبالاپ قامچە سالدى.
بىرلىرى ئۇتتىن چىقسا سۇغا سېلىپ،
قېنىنى ئاياللارنىڭ شوراپ ئالدى.
بىرلىرى جان راھىتى موشۇ كەن دەپ،
زورۇقۇپ مىڭ بىر تۈرلۈك كويىغا سالدى.
ئىشتا تەڭ، مېھنەتتە تەڭ شۇ ئايالنىڭ،
ئەمگىگىنى ئەرلەر كەبى تەن ئالمىدى.
قولى كۆسەي سۆپۈرگە چېچى ئۇنىڭ،
ئازاپتىن قۇتۇلارغا جان قالمىدي.
بالىنىڭ دەردى ئۇنىڭ ئانا كەبى،
ئېرىنىڭ دەردى ئۇنىڭ جاندىن ئۆتتى.
ئۇلارغا ئاللاھ ئىنساپ بېرەرمۇ دەپ،
ئەسىرلەر سەبرى قىلىپ ئۈمۈت كۈتتى.
بولمىدى ھېچ بولمىدى دەرمان كەتتى،
تاقەت قىلىپ ئازاپتىن قانلار ژۇتتى.
ئاخىرى مەزلۇم ئەللەر جەم بولىشىپ،
ئەركىنلىك - ئازاتلىق دەپ جەڭگە ئۆتتى.
تۇغ كۆتۈرۈپ ئالدىدا ماڭدى ئانا،
بىر ئاللاھتىن خەلقىگە تىلەپ پانا.
قىزلىرى، كېلىنلىرى قاتار تۇرۇپ،
سەپ تۈزۈپ نەرە تارتىپ ماڭدى يەنە.
ئازاتلىق ئەركىنلىك دەپ ھەممە جانغا،

# ئەسلەيمەن سېنى

**(29 - ماي قانلىق ۋاقىئەسىنىڭ 43 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)**

تارىسلداپ مۆلدۈردەك ئېتىلاتتى ئوق،
تۆرت ياققا قويۇلغان «ماكسىم» پۇلىميوت.
بېگۇناھ خەلقنىڭ تۆكۈلگەن قېنى،
جاھاننى قاپلىغان قاپ- قارا بۇلۇت.

شۇ ئېدى يىگىرمە توققۇزۇنچى ماي،
دەريا بوپ قان ئاققان غۇلجا شەھرىدە.
شېھىتلار جەسىدى قالغان ئەشۇ جاي،
يۈزلەپ جان يوقالدى موشۇ تەرزىدە.

نە ئۇچۇن نېمە دەپ تۆكۈلدى بۇ قان،
قولىدا كۆسەيمۇ بولمىغان ھەر جان.
ھايۋاندەك بېسوراق قىرىلدى ئىنسان،
قانچە يىل بۇ سىرلار بولغانتى پىنھان.

كەيىندىن ئۇلۇشۇپ كۆپەيدى «ھەرىكەت»
ھەممىنى ژۇتتى ئۇ قالمىدى بەرىكەت.
سېلىقلار ئۇلغايدى قەۋەتمۇ - قەۋەت،
«مىللەتچى» قالپىغى ئۇستىگە ھەم دەرت.

خائىنلار قۇتىرىدى غالجىر ئىشتلاردەك،
خىتاينىڭ سازىغا ئوينىدى ئۇسسۇل.
كەلگىنىدى قاپلىدى ئانا زىمىننى،
دېھقانىنىڭ قولىدا قالمىدى ھوسۇل.

يىغلىماڭ جىنىم ئانام، قېرىندىشىم،
بىزگىمۇ ئاخىرى بىر كۈنى تاڭ ئاتىدۇ.
ئەل بىلەن ناخشا ئۇسسۇل ئويناۋېرىڭ،
كۈرەشچان ئىرادىڭىز ئەسقاتىدۇ.

# بولدۇم

ۋەتەن ئىشقىدا كۆيۈپ - كۆل بولۇپ،
قوشاقلار قېتىپ سەۋدايى بولدۇم.
قەلەمنى ئېلىپ قوشۇلۇپ سەپكە،
ئەلنىڭ يولىدا پىدائىي بولدۇم.

ئۆتۈپتو سەكسەن يېشىم - باھارىم،
غەپلەتتە قالسام ھەيرانە بولدۇم.
ئانا يورتۇمدا بولۇپ مۇساپىر،
ئۆزگە ئەللەردە سەرسانە بولدۇم.

قاراڭغۇ تۈندە ئىڭراپ سەبىدەك،
ئانا ۋەتەن دەپ بىگانە بولدۇم.
زۇلمەت زەنجىرىن ئۈزۈپ ئۆتەلمەي،
بىر ئۆمۈر، دوستلار، ئاۋارە بولدۇم.
ئەي، تەڭرىم. بىزگە ئەيلىگىن رەھىم،
ھۆرىيەت ئىزدەپ، پەرۋانە بولدۇم.
قەلبىمدە ھىجران، يۈرەكتە پۇغان،
مەشرەپكە ئوخشاش دىۋانە بولدۇم.

ئۇيغۇرنى جاللاتلار ئىشتىن بوشاتتى،
«ئەمگەكتە ئۆزگەرتىش» سېپىغا قوشۇپ.
سەبىلەر ئاچ قالدى، بايلىق يوقالدى،
ھارمىدى ئېلىگە، تويمىدى توشۇپ.

خەلقىمنى تۇتقۇن قىپ يوقاتماق ئۈچۈن،
جاللاتلار خەلقىنىڭ يولىن توربدى.
ئادەملەر جىنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن،
ۋەتەندىن كېتىشكە بىلەت سوربدى.

ئۆتتى بۇ دەرت ئەلنىڭ جىنىدىن ئۆتتى،
ماۋ دېگەن «ئادالەت» نەلەرگە كەتتى؟
خەلقىنىڭ ئاھۇ ـ زارى ۋايىغا يەتتى،
ھەقىقەت تېپىلماي بەل سۇنۇپ كەتتى.
ئوۋچايمۇ ئىنسانغا ئۆز يۇرتىدىن كېچىش،
زالىمنىڭ زورلىغى جاندىن ئۆتمىسە.
مىراسمۇ ئۇيغۇرغا سەرگاندا بولۇش،
جاھاندا دەردىگە ھېچكىم يەتمىسە.

مارجاندەك يالتىراق تۇرار كۆزىمدە،
بىگۇناھ خەلقىمنىڭ تۆكۈلگەن قېنى.
شېھىتلەر روھلىرى بولمىسۇن غەمكىن،
خەلقىمىز مەڭگۈگە ئەسلەيدۇ ئۇنى.

# دوستلارغا

ھاياتلىق ئىنسانغا باھاسىز نېمەت،
شۇڭا بۇ ئۆمۈرمۇ ھەممىدىن قىممەت.
خۇرسەن بىز مۇڭدۇشۇپ سورۇندا يۈرسەك،
بۇ پۇرسەت – غېنىمەت، دىدار غېنىمەت.

كېلىڭلار، دوستلىرىم، كۆكسىمدە قولۇم،
ھەممىمىز جەم بولۇپ كۆلەيلى بۈگۈن.
بۇ پانى جاھاندا يۈرمەي رەنجىشىپ،
كۆتۈرۈپ ئۆتەيلى ۋەتەننىڭ يۈكىن.

# ئەۋلادىڭ مەڭگۈگە ئۇنتۇماس سېنى

## (شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنىڭ سابىق جەڭچىسىگە بېغىشلايمەن)

رەسىمىڭنى كۆرگەندە ئەي، باتۇر ئاكا،
بۇ مىسكىن كۆڭلۈمگە تولدى دەرت - پىراق.
ھۆرمىتىڭ دۇنياغا قىلىندى جاكا،
خىيالىم كەپتىرى ئۇچماقتا يىراق.
ئوغۇزنىڭ ئەۋلادى ئۇيغۇر سەن ئەسلى،
جان تىكىپ قان كېچىپ چىققان مەيدانغا.
ئەي سادىر پالۋاننىڭ نەۋرىسى نەسلى،
جەڭ قىلدىڭ بويۇلۇپ قېپقىزىل قانغا.
سەن ئېدىڭ غېنىنىڭ جانىجان دوستى،
دۈشمەننى بىت - چىت قىپ چەيلىگەن، چاپقان.
ۋەتىنىم، مىللىتىم ئەركى ئۈچۈن دەپ،
رەزىل ئۇ دۈشمەننىڭ كۆكسىگە ئاتقان.
قانچىلار جەڭلەردە بولۇپ كەتتى شېھىت،
سەن باتۇر قالغانتىڭ نەمۇنە - غازى.
سەن ھايات ئەۋلادىڭ ئۈزمەيدۇ ئۈمىد،
تائابەت ئۇيغۇرۇم سېنىڭدىن رازى.
دۈشمەندىن تازىلاپ ئۇلۇق ۋەتەننى،
بىر مەزگىل ئازاتلىق مەشئىلىن ياققان.
ئەركىنلىك يولىدا ئايىماي جاننى،
ئىستىقلال مېدالىن مەيدەڭگە تاققان.
سۆزلىسەم سۆز يەتمەس، تەرىپىڭ پۈتمەس،
شېھىتلار ئاققۇزغان ئىسسىق قېنىنى.
ساتقىنلار ئالجىسا - لەنەتتە قالار،
ئەۋلادىڭ ئۇنتۇماس مەڭگۈگە سېنى.

بەرداشلىق ھەممە ئىشقا بولمايدۇ خور.
ئىتىنى ئۆزەم قويغان، دەپ ئارسلان،
نامىنى كەلگۈسىدە ئاڭلار جاھان.
مېھرىنى دەرياغىمۇ تەڭ قىلمايمەن،
يا ئاللا ئالتۇن بېشى بولسۇن ئامان.
نۇرىيە قىزىم ئوخشار ئۆز ئانامغا،
يۇمشاقتۇر كۆڭلى ئۇنىڭ ھەممە جانغا.
بەختىنى بەرگىن ئاللاھ شۇ قىزىمنىڭ،
ئالەمدە خار قىلمىغىن ھېچ تامانغا.
ماھىرە قىزىم گويا مېنىڭ ئانام،
چىقىدۇ ھاجىتىمدىن دەل شۇ زامان.
تېخى يوق مېھرىباندۇر جىنىم بالام،
ئېي، تەڭرىم، ئائىلىسىن قىلغىن ئامان.
زۇلفىيە قىزىم ماڭا بەك كۆيىدۇ،
دادام دەپ باش پۇتۇمنى تەڭ سۆيىدۇ.
ئەقلى بار ھەممە ئىشنى قىلالايدۇ،
كىشىلەر كۆڭلىنىمۇ ئالالايدۇ.
يا ئاللا شۇ قىزىمنى خار قىلمىغىن،
ھېچقاچان كۆز ياشلىتىپ، زار قىلمىغىن.
پەرزەنتىم بىر - بىرىنىڭ مەدەتكارى،
مېھرىنى ھەر بىرىگە تار قىلمىغىن.
زۇھرە دەپ، مەريەم دەپ قىزلىرىم بار،
تەرىپىن باللىرىمنىڭ قىلاي ئىزھار.
ھەممىدىن ماڭا چارە كۆيىنىدۇ،
يا ئاللا بۇ ئالەمدە بولمىسۇن خار.
يا خۇدا ساڭا يۈز مىڭ شۈكرى دەيمەن،
مېھرىبان جانغا كۆيەر دوستلىرىم بار.


# ئائىلەمگە

ھاياتنى ئوتكاي ئىش دەپ ئويلاپتىمەن،
دۇنياغا جان تالىشىپ تويماپتىمەن.
ئاخىرى بىر كۈن كەلسە باشلىرىمغا،
قاچقىدەك يوچۇقنىمۇ قويماپتىمەن.
ئەندى، ئېھ، ھەق ئىلكىدە مەن بىچارە،
ئاللاغا توۋا قىلدىم يوقدۇر چارە.
تايانچىم، مېھرىبانىم ئايالىمنىڭ،
مىڭ رازى ماڭا قىلغان خىزمىتىدىن.
قادىر ئاللاھ، رەھمان ئاللاھ، ئادىل ئاللاھ،
ئارىما، ئۇ ئاجىزنى ئىززىتىدىن.
سەن ئاتا قىلغان رىسقىم تامام بولسا،
ئۇنىڭغا تېپىلمايدۇ باشقا ئامال.
يا ئاللاھ، مەن بىر نادان بەندەڭ ئىدىم،
كەچۈرگىن گۇناھىمنى، قىلماي ھايال.
مېنىڭدىن ئالتە بالام كېيىن قالسا،
ئېھ، خۇدا، ھىممىتىڭنى ئۇنىدىن ئالما.
ئوغلۇم بار ـ توختاخۇن دەپ بەك كۆيۈمچان،
قىلماقچى ئىشلىرىمنى قولغا ئالغان.
ئۆمرىنى ئۇلۇق ئاللاھ ئۇزۇن قىلسۇن،
ئورنۇمدا ئاتا بولۇپ ئۆيدە قالغان.
ئوغلۇم بار ئابابەكرى باتۇر، جەسۇر،
ھېچ ئادەم ئەخلاقىدىن تاپماس خۇسۇر،
كۆڭلى ئاق، دىلى يۇمشاق، غەيرىتى چوڭ.
بەرداشلىق ھەممە ئىشقا بولمايدۇ خور.
ئىتىنى ئۆزەم قويغان، دەپ ئارسلان،

ئاغزىدا دېمىسىمۇ ئىچى كۆيەر.
سۇفىلىق ئەۋلادىمدىن مىراس قالغان،
ئاتامىۇ بىر - ئانامىۇ بىر جانۇجىگەر.
ھەممىمىز بۇ دۇنيادىن كېتىمىزغۇ،
ئاللاغا ئىبادەت قىل شامۇ - سەھەر.
ئاتام بىلەن ئانامنى رازى قىلغان،
شۇڭلاشقا مەن كۆيىمەن ئۇندىن بەتەر.
يا ئاللا ئەۋلادىمنى ئامان قىلغان،
باشلىرىغا كەلمىسۇن خەۋىپ خەتەر.
ئەۋلاتلىرىم باللىرىم، يۆلەنچىكىم،
مۇساپىر بولۇپ تارتقان دەرتمۇ يېتەر.
جان ھەلقىدە، ھەق ئىلكىدە مەن بىچارە،
ھۆكمىڭگە بويۇن ئەگمەي يوقدۇر چارە.
مەۋلۇت بەر ۋەتەن ئۈچۈن كىرەي جەڭگە،
رازىدۇر مەن شېھىت بولسام تارتىپ نەرە.
بۇ ئۆلۈم ھەممىمىزگە بارغۇ بىر كۈن،
ژۇرۇگۇم ۋەتەن ئۈچۈن بولدى پارە.
باشقا يول قالمىدىغۇ بىزگە ئەندى،
قان كېچىپ جەڭ قىلماقتىن باشقا چارە.

خۇدائىم ئەزىز قىلغان بەندىسىنى،
ئالەمدە ھېچقەيەردە قىلمىغاي خار.
سىڭلىم بار ئامىنەم دەپ ئاغرىغى بىر،
كۆڭلىدە ئۇنىڭ يوقدۇر زەرىچە كىر.
كۆيۈمچان، مېھرى دەريا ئاجىزە دۇر،
مېنىڭدىن يوشۇرمايدۇ قىلچىلىق سىر.
يانا بىر جۈپ سىڭلىم بار قول قانىتىم،
ئۇلارنىڭ نىيەتلىرى، يۈرىگى بىر.
ئاكام دەيدۇ، جىننىمۇ ئايىمايدۇ.
مېھرىدۇر گويا دەريا، دىلدا يوق كىر.
سىڭلىم بار ئانام باققان بىزگە كېلىن،
قېرىنداش تېپىلمايدۇ، ئۇندىن يېقىن.
مېھماندوس، زىرەكلىكتە تەڭدىشى يوق
مېھرگە تەڭ كەلمەيدۇ دەريا ئېقىن.
يا تەڭرىم ئايرىمىغىن جامائەتتىن،
ئايرىما، ئەل مېھرىدىن، شىپائەتتىن.
قاچاندا ئالغىن ئالساڭ ئامانەتنى،
ساقلىغىن، مۇختاجلىقتىن، يامان دەرتتىن.
ئىنىم بار - ئابدۇۋەلى ئاتام باققان،
ئاتامنىڭ ئۆيىگە ئۇ چىراق ياققان.
يولدىشى ئۇنىڭ مېنىڭ جان جىگەرىم،
دىلدۇر يۇمشاق، ئىشقا، پىششىق - چاققان.
يا خۇدا بەندەڭ قىلىپ ياراتتىڭغۇ،
تەغدىرىم ئۆز قولۇڭدا، يوققو چارە!
ئامانەت بەرگىنىڭنى ئېلىۋەرگىن.
ھۆكمىڭگە باش ئېگىمىز قىلماي نالە...
ئۇبۇلقاسىم دەپ ئىنىم بار مېھنەت سۆيەر،

# ھېكايىلار




# قەپەزدىكى توتى قۇش

## (ھۆججەتلىك ھېكايە)

موسكۋا - بېيجىڭ پويىزىدا زابايكالې، خاربىنلار ئارقىلىق بېيجىڭغا ئاندىن ئېلېكترو - پويىزىدا شاڭخەي، گۇئاڭجۇلارغا بېرىپ، تىجارەت قىلىۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. 1989 - يىلى بېيجىڭدا جاڭجاكۇ نامىلىق كوچا بار ئىدى. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرستاندىن بارغان ئۇيغۇرلار ئاشپەزلىك، ناۋايلىق قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەممىنى جەلپ قىلىدىغان سىدىق ئاخۇن قەشقەرلىق دېگەن كىشىنىڭ ئاشخانىسى بار ئىدى. ئۇ بوي تۇرقى كېلىشكەن چىۋەر سۆزلۈك ، مۇئامىلىرى سىلىق، خۇشخۇي ۋە چاققان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئاشخانىسىدا تاماق ناھايىتى تەملىك ۋە تېز تەييارلىناتتى. لېكىن بۇ خۇسۇسىيەتلەر بۇئاشخانىنىڭ داڭ چىقىرىشىغا سەۋەپ بولغان مۇھىم ئامىل ئەمەس، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى بىرىنچىدىن، ئاشخانا ئالدىدا تۆمۈر قەپەزدە ئېسىغلىق تۇرغان چىرايلىق توتى قۇش بىلەن ئاشخانىنىڭ ئۈچ تىمىغا «بۇ مېنىڭ جانجان ئانا ۋەتىنىم» دېگەن يېزىق ئاستىغا چوڭ قىلىپ ئىشلەنگەن، ھەر قانداق كىشىنى ئىختىيارسىز مەپتۇن قىلىدىغان چىرايلىق ئۈچ رەسىم - كۆرۈنۈش بار ئىدى. ئەنە ئىككى قاپتىلى ئارچا، قارىغايلار بىلەن قاپلانغان تەلكە تاغلىرى. تاغ باغرىدا ئۆتلاۋاتقان كالا، قوي - ئۆچكە، يىلقىلار، تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ شاۋقۇن سۈرەن بىلەن كۆۋۈكلىشىپ غەزەپ بىلەن ئېقىۋاتقان تەلكە سۈيى كەڭسايدىكى چىرايلىق كۆك چىمەنلىكتە ئۇلتۇرۇپ:

سادىر بوۋامدىن قالغان بۇ ناخشا بىزگە مىراس شۇ ناخشىنى ياڭرىتار مەرت ئېلىنىڭ باللىرى «ئەجەپ گۈزەل خۇشپۇراق ئېلىخونىڭ باغلىرى، گۈل چېچەككە پۈركەنگەن زەپ ھاۋالىق تاغلىرى» - دېگەن ناخشىنى دۇتار، تەمبىر راۋاپقا جور قىلىپ



دەردى يوق بىدەرتلەرگە،
خارۇزار قىلدىڭ مېنى.

ئاھ، جانجان ئەزىز ۋەتىنىم، مېنىڭ دىيارىم دېگەندىنمۇ ئارتۇق ھۆزۈر - راھەت بارمۇ بۇ دۇنيادا؟ ئەي ئاللاھ! بىز سېنىڭ ئۆگەي بەندەڭمىدۇق؟ نېمە ئۈچۈن بىز ئۆز ماكانىمىزنى ئۆزەمنىڭ دېيەلمەيمىز؟ نېمە ئۈچۈن ۋەتەن مېنىڭ دېگەنلىكىمىز ئۈچۈن گۇناكار بولۇپ قالىمىز؟ سەن بىزنى يېتىم بالا قىلىپ ئۆز ئانىمىزدىن ئايرىۋەتتىڭغۇ. ئەي ئاللاھ! سېنىڭدىن باشقا باشپانايىمىز يوق. سەن ئۆزەڭلا بۇ ئادالەتسىزلىككە خاتىمە بېرەلەيسەن، سەندىن باشقا ھېچكىم بىزگە مەدەت بېرەلمەيدۇ.

ئەنە سىدىق ئاخۇن ئاشخانىسىنىڭ ئالدىدا قەپەزدە ئېسىغلىق چېرايلىق توتى قۇش: «سىدىق ئاخۇن مېھمانلارغا قاراڭ، مانا يېڭى مېھمان كەلدى، ئاۋۇ ئەپەندى پۇل تۆلىمەي چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، ئاۋۇ ئايال تەخسىنى چىقۋەتتى ، سۇنىغىنى ئەخلەت ساندۇغىغا تاشلىدى» - دەپ سايرىماقتا. مەن ھەم سەپەرداشلىرىم بىلەن بىللە ھەر كۈنى موشۇ ئاشخانىدىن تاماق يەتتىم. سىدىق ئاخۇن بىلەن يېقىن تونۇش بولۇپ قالدۇق. ئۇ قەشقەر جانقورغانلىق ئېكەن . ئايالى ئاغرىقچان، باللىرى ئۈششاق بولۇپ، ئۆز يۇرتىدا جان بېقىش قىيىن بولغاچقا بۇ ياققا كېلىپ ئاشپەزلىككە ئورۇنلىشىپتۇ. سودىسى ياخشى ئېكەن. ئۇنىڭ ئەتراپىدا خىتايلار ئاشخانىلىرى كۆپ بولسىمۇ، كۆپچىلىك خىتايلار موشۇ ئاشخانىدىن تاماق يەيدىكەن. سەۋەبى بىرىنچىدىن، تامىغى باشقىلارنىڭكىدىن تەملىك ۋە پاكىز ئېكەن. ئىككىنچىدىن، كۆپچىلىك ھېلىقى توتى قۇشنى كۆرۈپ سۆز قىلغىنىنى ئاڭلاپ تاماشە قىلغىلى كېلىپ تاماقلىنىدىكەن.

مەن بۇ توتى قۇش توغرىلىق سورىدىم: سىدىق ئاخۇن بۇ قۇشنى قەشقەرگە كەلگەن بىر پاكىستانلىقتىن كىچىككىنە بالاپان ۋاقتىدا سېتىپ ئالغان ئېكەن. شۇندىن كېيىن ئۇنى بېقىپ سۆز قىلدىغان

ئېيتىۋاتقان ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ رەسمى. ئۇنىڭ يېنىدا مەن ئۇيغۇرنىڭ مەشئىلى دەپ قەددىنى تىك كۆتۈرۈپ تۇرغان قەشقەر ھېيتگاھنىڭ مۇنارىلىرى ئالدىدا بېشىدا تەۋەك كۆتۈرۈپ، پەشتاختا چېلىنىۋاتقان ناغرا، سۇنەي، سەنەمگە كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ناۋايلار، بېشىدىكى پەرەنجىسىنى ئالماي تۇرۇپ، پەرەنجىنىڭ يوچۇغىدىن تارتىنچاقلىق بىلەن تاماشىغا كۆز سېلىپ تۇرغان ھايالىق چوكانلار، ئىككى قولىدا ساپايە تۇتۇپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن خۇشخۇي يىگىتلەر، ئۇلارغا جور بولۇپ ئويناۋاتقان چىرايلىق قىز - جۇگانلار، ئەنە سامسىپەز، مانتىپەز، پەرمۇدىچىلار ، ئۆز تاماقلىرىنى ماقتاپ كۈچىنىڭ بارىچە تولىماقتا. ئەنە مېلىنى بازارغا ئەكەلگەن ئاق ساقاللىق بوۋاي ئېشىكىنىڭ چۇلۋۇرىنى بىر قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ بىر قولى بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشمەكتە.توپ-توپ بولۇپ ھېيت نامىزىنى ئۆتەپ مەسچىتتىن چىقىۋاتقان كىشىلەر، ئالا يېشىل كۆينەكلەر كىيىپ ھېيت تاماشىسىنى قىزدۇرۇپ ئويناۋاتقان باللار، ئېھ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ قېدىمىي جانىجان دىيارى زۇلۇم-زۇلمەتكە بەرداشلىق، قەددىي پۈكۈلمەس ئىرادىلىق ئەزىزانە قەشقەر بۇ مېنىڭ ئانا - ماكانىم، غەيرىتىم، شۆھرىتىم، شجائىتىم، دەرمانىم سەن بار ئۈچۈن مەن ئۆزەمنى ھايات ھېساپلايمەن. ئۇنىڭ نېرىسىدا مەن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ شاھىدى بىر زامانلاردا بۇ يۇرت مېنىڭ خەلقىمنىڭ ئۆز قولىدا ئېدى. مەن ئۇنىڭ پادىشاھى ئېدىم، دەپ قەددىنى رۇسلاپ تىك تۇرغان ياركەنت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خانى ئابدۇرېشىت خانىنىڭ ئوردىسى. شۇنداقلا گۈزەل خوتەن ۋادىسى بىلەن خوتەن گىلەملىرىنى توقىۋاتقان چىرايلىق قىزلارنىڭ ئەۋرىشىم سۆرەتلىرى تەسۋىرلەنگەن ئېدى.

ئەي پەلەك، چەرقىڭ بۇزۇق.
كىملەرگە خار قىلدىڭ مېنى؟

بولمىغاچقا زار -زار يىغلىشىپ ئانا يۇرتى قەشقەرگە كۆچۈپ كېتىپتۇ.

ئەلۋىدا مىللىي غورۇرىڭ ئەۋلادىڭىزغا ئۈرنەكتۇر . سېنىڭ توتى قۇشلىرىڭنىڭ خۇشخۇي سايرايدىغان چاغلىرى چوقۇم كېلىدۇ . ئىنشا ئاللاھ!

ياتقان جايىڭ جەننەتتە بولسۇن.

قىلىپ، ئۆگۈتۈپتۇ. خۇددى ئۆز بالىسىنى باققاندەك ئىھتىيات بىلەن قارايدىكەن. بۇ يەرگە ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەپتۇ. شۇندىن بېرى ئۇ سىدىق ئاخۇنغا خۇددى يېقىن بىر دوستى ۋە ياردەمچىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىپ بېرىدىكەن. بۇ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا خىتايلارنىڭ بۇ قۇش ئۈچۈن ئون مىڭ يۈەن بېرەيلى، سېتىپ بەر دېسىمۇ، ساتمايمەن دەپ ئۇنىمىغىنىنى ئېيتىپ بەردى. خىتايلارنىڭ بۇ قۇشقا شۇنچىلىك قىزىقىشىنىڭ سەۋەبى يالغۇز ھەۋەس ئەمەس، بەلكى ئامەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئىدى. سىدىق ئاخۇن قولىدىكى «ئەڭگۈشتە» سى بىلەن ئۆزىنى بەختلىك ھېساپلايتتى . شۇڭا ئۇ دائىم ئۈستۈن روھى كەيپىيات ئىچىدە يۈرەتتى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، مەن يەنە سودا ئىشى بىلەن بېيجىڭدا ھېلىقى جاڭجاكۇ مەھەللىسىگە باردىم، لېكىن سىدىق ئاخۇن تۇرماق ئاشخانىسىنىمۇ تاپالمىدىم. ئاخىرى ئىزدەپ ژۈرۈپ قەشقەرلىك پولوپەز مەھەممەت دېگەن كىشىنى تاپتىم. ئۇنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ، سىدىق ئاخۇننى سۈرۈشتە قىلدىم.

- بىر يىل بۇرۇن قانداتۇر نامەلۇم بىرسى قەپەزدىكى توتى قۇشقا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. سىدىق ئاخۇن بۇ قۇش ئۆلگەندىن كېيىن خۇددى ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك قاتتىق ھەسرەتكە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ شۇنداق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر قانچە خىتاي كېلىپ سەن بۇ رەسىملەرنى شىنجاڭغا ئاپىرىپ ئېسىۋال. بۇ يەر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى. بۇ يەرگە پەقەت خىتاينىڭ رەسىمىنى ئېسىش كېرەك - دەپ ھېلىقى رەسىملەرنى يېرتىپ تاشلاپتۇ. ئارىدىن بىر - ئىككى ئاي ئۆتمەيلا «بۇ جاي شەھەر قۇرۇلۇشى يولىغا چىقىپ قالدى. شۇڭا باشقا جايدىن ئورۇن تاپ» دەپ ئاشخانىنى بۇزۇپ تاشلاپتۇ. بۇ جاپالىقلارنى كۆتىرەلمەي ئىككى-ئۈچ ئاي كېسەل تارتىپ، ئاخىرى ۋاپات بوپتۇ. ئۇنىڭ ئايالى بىلەن باللىرى بولسا بۇ يەردە ياشاش ئىمكانىيىتى

قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ سىناقتىن ئۆتكەن تاكتىكىسى بويىچە «گۆشنى ئۆز مېيىدا قورۇش» سىياسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا كېرەك بولىدىغان قولچوماق قىلىپ ئەمەت مانجۇنىڭ ئوغلى توختىنى تاللاپ ئالغان ئىدى. توختى پىتنە - پاساتنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ياماققا ئانىسىنى سېتىۋېتىشتىن قايتمايدىغان، توختى گەيجاڭ دەپ قويسا كېرىلىپ كوچىدا ماڭلماي قالىدىغان، مەنسەپپەرەست، شەخسىيەتچى، تۆرت تەنگىنى بېرىپ قويسا كەچكىچە شۇ خىتايىنى ماختاپ، ئاغزى تىنمايدىغان پەسكەش ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى شەھەردىن جىقماي خىتايلارغا يالاقچىلىق قىلىپ ژۇرىدىغان ئادەم بولغاچقا ئەمەت مانجۇ دەپ لەقەم بېرىلىپ، ئوغلىنى توختى خىتاي دەپ ئاتىشاتتى. توختىنى خىتاي ساقچىلىرى ئۆز جاسۇسى قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنچىلىك كۈچ سەرىپ قىلغىنى يوق. ئۇ تېزلىك بىلەن خىتاي ئوۋچاركىسىغا ئايلاندى. چۈنكى ئۇ پۇلنى ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ساقچى باشلىقى خىتاي بىلەن چاۋاك چېلىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن خەلق ئۇنىڭغا توختى لومودا (سولامچى) دەپ نام بەرگەن. توختى كۆرە بازىرىدا ساتىراشخانا ئېچىۋالغان. ساتىراشخانىدا خېرىدارلار ئۆزلىرىنىڭ نۆۋىتى كەلگىچە سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرىشاتتى. ئۇ چاغدا خەلق ئارىسىدا خىتايلارنىڭ مىللىي زۇلمىغا قارشى مىللىي غورۇرى كۈچىيىپ، نىلقىنى ئازات قىلىپ، غولجىغا قاراپ كېلىۋاتقان غېنى باتۇر باشلىق پارتىزانلارنىڭ خەۋەرلىرى ئۇچقاندەك خەلق ئىچىگە تارقىلىپ ئىككى ئادەم ئۇچرىشىپ قالسا ئىنقىلابنىڭ خۇش خەۋىرىنى بىر بىرگە يەتكۈزۈشكە ئالدىرىۋاتقان دەۋىر ئىدى .

كۆرەدىكى زىيالىلار ، دىنىي زاتلار ۋە باشقا ۋەتەنپەرۋەرلەر تېزلىكتە بىرلىشىپ پارتىزان ئوترەدى تەشكىللەپ كېلىۋاتقان ئىنقىلابچىلارغا ماسلىشىپ، كۆرەنى دۈشمەندىن ئازات قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. مانا شۇ پەيتتە يىپىنىڭ ئۈچىنى تېپىپ

# خائىننىڭ كاللىسى

## (ھۆججەتلىك ھېكايە)

كۆرە ـ موڭغۇل تىلىدا قورغان، شەھەر دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. غۇلجىدىن 35 كىلومېتىر غەربتە سۈيدۈڭ ناھىيە تەركىۋىدە جايلاشقان ھازىرقى كۆرە يېزىسى مۇندىن ئىككى يېرىم ئەسىر بۇرۇن قۇرۇلغان. ئۇ ھەربىي كۆچ ئىشلىتىپ، زورلۇق بىلەن ئۇيغۇرستاننى ئىشغال قىلىۋالغان مانجۇر خىتاي گېنېرال - گۇبېرناتورى - جاڭجۇڭ جايلاشقان ھەربىي - مەمۇرى مەركەز بولۇپ شەھەر ئىچى ۋە شەھەر تېشى دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. شەھەر ئىچى پۈتۈنلەي سېپىل بىلەن قورشالغان بولۇپ تۆرت دەرۋازىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ شەرقى دەرۋازىسى غۇلجا تەرەپكە، غەربى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە، شىمالى تەرىپى ئۈرۈمچى يولىغا، جانۇبى ئىلى دەرياسىغا قاراپ تۇراتتى. 20 مېتىردىن ئۇشۇق ئىگىزلىكتىكى بۇ قورغاننىڭ ئۈستىدە ژۇك ماشىنىسى ماڭالايدىغان يول بار ئىدى. قەھرىمان بوۋىمىز سادىر پالۋان ئەشۇ قورغان ئىچىدىكى يامۇلنى ئاستىدىن تېشىپ سىرتقا، يەنى ئىلى دەريا بويىغا چىقارغان تونېل بار ئىدى. كۆرە سېپىلى ئىچىدە خىتايلار، سىرتىدا ئۇيغۇرلار ياشاتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇنجى ئۇيغۇر تاش مەتبەئەسىنى ئىجات قىلغان ئاتاغلىق ئىنقىلابى رەھبەر سابىت داموللا قاتارلىق ئۇيغۇر زىيالىلىرى ۋە دىنى مۇتىۋەر زاتلار بىلەن ئابرويلۇق ئادەملەرمۇ ياشاتتى. چۈنكى بۇ جاي مەلۇم ۋاقىت ئۇلكە مەركىزى دەپ تونۇلغان. بۇ يەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەملىچىلىككە قارشى مەخپى ئۇيۇشقان كۆچلىرىمۇ مەۋجۇت ئىدى. مانجۇر خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن گومىنداڭچى خىتايلارمۇ مەنچىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ كۆرەنى ئۆزلىرىنىڭ قورغانى قىلىۋالغان ئىدى. خىتايلار سېپىل سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنى كونترول

ھەربىكىتى بىلەن ئالاقىسى بار، دەپ خىتاي ساقچىسىغا چۈشۈرۈپ بەردى. ساقچىلار بۇلارنى تۇتقۇن قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىچىلەپ باستۇرۇپ كىردى. لېكىن ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ئۆيدىن تاپالمىدى. چۈنكى ئۇلار ساتىراشخانىدا توختىنىڭ ئاسماقچىلاپ پارتىزانلار ھەققىدە سورىغان سۆزلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ تىزىمىنى ئالالىغاچان خىتاي ساقچىخانىسىغا يەتكۈزۈپ بولغان خەتەرلىك جاسۇس ئىكەنلىكىنى پارتىزانلارنىڭ چارلاقچى خادىملىرى ئارقىلىق بىلىپ بولغان ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ كىچىككەنلىكىنى چۈشۈنۈپ خىتاي جاللاتلىرى بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتى يوق ئەيىپسىز ئادەملەرنى ناھەق تۇتقۇن قىلىپ يامۇلغا ئەكىرىپ كەتتى. بەزى ياشلارنى سۆز ياندۇرۇپ، قارشىلىق كۆرسەتتى دەپ كۆچىدىلا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ھەيۋە باشقىلارنى چۆچۈتۈش ۋە قورقىتىپ بويسۇندۇرۇش سىياستى ئىدى. شۇندىن باشلاپ توختى ماختىنىپ ئۆزىنى ئاشكارە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ مەھەللىدىكى بىر قانچە ياشلارنى - ئۇلار ئوغرىلارنى ماختىدى، پارتىزانلار كەلسە قوشۇلۇپ كېتىمىز، - دېدى دەپ تۇتۇپ بەردى. ئامما ئىش خىتاي پايدىسىغا ھەل بولمىدى . غۇلجا ۋە ئۇرۇمچى بىلەن بولغان خىتاي ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. غېنى باتۇر باشلىق پارتىزانلار كۆرەگە يېتىپ كەلدى. ئۇلارغا كۆرەدە قورۇلغان بەكرى غازى، سىدىقئاخۇن، باۋدۇن ئۆمەر، ئوسمانخان، خۇدابەردى ، يۇسۇپجان ئەپەندى، ئابدۇرېھىم، ئابدۇكېرىم، ئابدۇغوپۇر، ئابدۇقادىر، مۇسا، ئىبراھىم، زەيناۋۇدۇن، ئىلاخۇن قاتارلىق پارتىزانلار قوشۇلۇپ كەتتى. خىتايلار سىپىلنىڭ تۆرت دەرۋازىسىنى تاقاپ،. پۇلېميوت -زەمبىرەكلىرىنى سىپىل ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، قورغان ئىچىگە كىرۋېلىشتى. لېكىن، بىر قانچە ۋاقىتتىن كېيىن بەربىر پارتىزانلارنىڭ شىددەتلىك قىلغان ھوجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، «ئەيىيا، ئەينى زىۋازى لەيلى» دەپ ۋاقىراپ چۇقان سېلىشىپ كۆرەنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. لېكىن،

تەشكىللىنىۋاتقان پارتىزانلارنى ئۆز جايىدا ئوجۇقتۇرۇش خىتايلارنىڭ ئاساسى نىشانى ئىدى. شۇڭا جاسۇسلارنىڭ رولى ناھايىتى كۆچىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەتكۈزگەن ھەر بىر خەۋىرى ئۈچۈن تۆلىنىدىغان ھەقنىمۇ كۆپەيتكەن ئىدى. توختى خىتاينىڭ بازىرى ئىشتىكلەپ كەتتى. ساتىراشخانىغا چاچ ئالدۇرغىلى كىرگەن ئادەملەر ئىنقىلاپ ھەققىدە خىتايلارنىڭ غالجىرلىشىۋاتقانلىقى، سېلىقنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقى خىتايدىن قۇتۇلماي ئازاتلىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇ ئادەملەرنىڭ بىسىم كۆپچىلىكى ئاددىي ئاق كۆڭۈل ئادەملەر بولغاچقا جاسۇس دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ نېمە زىيىنى بار؟ كىمدىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك؟ دەپ ئويلاپمۇ قويماتتى. ئۇلار توختىنىمۇ ئۆزلىرى ئوخشاش ئاددىي پۇخرا دەپ ئويلايتتى. توختىدىن كەلگەن بۇ مەلۇماتلارنى خىتايلار كېچىچە رەتلەپ خوجايىنلىرىغا يوللاپ بېرىشكە ئۈلگۈرمەي قالاتتى.

توختى خەقلەرنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق كۆرەدە خىتايغا قارشى پارتىزان ئوترەدنىڭ تېزلىك بىلەن تەشكىللىنىۋاتقانلىقىنىڭ خەۋىرىنى ئۆز خوجايىنلىرىغا يەتكۈزۈشكە ئۈلگۈردى. لېكىن بۇ ئىشقا كىم رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ؟ يىغىلىش ئورنى قەيەردە؟ قانچە ئادەم، قانداق يول بىلەن قوزغىلاڭ كۆتەرمەكچى؟ دېگەنگە ئوخشاش مۇھىم مەسىلىلەرگە ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيتتى. بۇ ئەھۋال خىتايلارنى قانائەتلەندۇرمىدى. شۇڭا بىر ئارىدا گۇمانلىق ئادەملەرنى تۇتقۇن قىلىش نېيىتىدە ئۇلارنىڭ تىزىملىكى، ياشاۋاتقان ئورنى ۋە جامائەت ئارىسىدىكى ئابرويى دېگەنگە ئوخشاش مۇھىم جەھەتلەرنى ئېنىقلاپ بېرىش ۋەزىپىسىنى توختىغا تاپشۇردى . توختى خىتاي شۇ ۋاقىتىكى كۆرە مىڭبېگى بەكرى غازى، ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى سادىقئاخۇن، مەسچىت ئىمامى ئەخمەت داموللا، ئابدۇرېھىم ئەپەندى قاتارلىق 12 كىشىنىڭ تىزىملىكى پارتىزانلار

# ئايلىخاننىڭ كۆلكىسى

## (ھېكايە)

ئايلىخان قورونىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىككى پارچە يېڭى پالازنى سېلىپ، تويدا چۈشكەن ئادەمگەرچىلىكلەرنى رەتلەشكە باشلىدى. ئۇ ساۋاتسىز بولغاچقا قىزى بوستان گۈلنى يېزىشقا، يەنە بىر قىزى سۈسەرگۈلنى تىزىشقا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ھە، دەپ ئاشقاندىلا ماجانگۈلنىڭ ئەكەلگىنى قولىغا چىقىپ قالدى. رەخنى قولىغا ئېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئىچىگە بىر جىن كىرىپ شۇنداق قاتتىق كۈلۈشكە باشلىدىكى ئۇ خوددىنى بىلمەي توختىماي كۈلەتتى. ماللارنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاتتى. قىزى «ئانا نېمە بولدى؟» دېسىمو تېخىمۇ كۈلەتتى. ئۇ ئەس ھوشىنى يوقاتقان ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يېقىندىلا بولغان بىر ۋەقە كېلەتتىدە يەنە كۈلەتتى.

ياز پەسلى ئىدى. ئايلىخان چايخاندا كۆرپە تىكىپ ئولتارسا، سەمەت بويتاق ئىشىگىدىن ئۇددۇل توختىماي چايخانىغا كېلىپ ئايلىخاننىڭ يېنىدا ئولتاردى. تىنىچ - ئامانلىق سورۇشۇپ بولغاندىن كېيىن بىر يېرىم مېتر گۈللۈك رەخ ۋە بىر ياغلىقنى ئېلىپ كېلىپ ئايلىخاننىڭ ئالدىغا قويدى ۋە گەپ باشلىدى:

- ئايلاخېنىم ئالدىڭىزغا قورۇق كىرىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. شۇڭا بۇ سىلىنىڭ لايىقلىرى بولمىسىمۇ ئالغاچ كەلدىم، - دەپ بولۇپ، ئەسلى مەخسەتنى سۆزلەشكە باشلىدى، - ئۆزلىرى بىلىدىلا بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن بېرى مەن يالغۇز، مېنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر جاناندىن باشقا ھېچ نەرسىگە ھاجىتىم يوق، ھەممە نەرسە بار. ئاللاغا شۈكرى پۇلدىن، ئالتۇن - كۈمۈشتىن خىجالىتىم يوق. قولىمنى قاياققا ئۇزاتسام شۇ ياققا يېتىدۇ. شۇڭلاشقا مەن ئالدىڭىزغا كەلدىم. سىلى ماقۇل بولسىلا ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە سىلى بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇپ ئۆتسەم دەيمەن. ئەندىكى مەسلىھەت ئۆزلىرىدە، - دەپ سۆزنى توختاتتى.

قېچىش ئالدىدا بارلىق مەھبۇسلارنى ئەر - ئايال، كىچىك-چوڭ دەپ ئايرىماي ھەممىنى ئۆلتۈرۈپ جەسەتلىرىنى ساقچى قوراسىدىكى قۇدۇقلارغا تاشلىۋەتتى. كۆرە ئازات قىلىندى. سۈيدۈڭدە بولسا قاتتىق قورقۇپ كەتكەن خىتايلار بالا - چاقىلىرىنى سېپىلغا قامىۋېلىپ، كىرسىن چېچىپ ئوت قويۇۋەتتى. ئۇلار ئەشۇ ئوتتا بالىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كۆيۈپ كەتتى. غېنى باتۇر باشلىق پارتىزانلار خائىن توختىنىڭ جازاسىنى بېرىش ئۈچۈن ئىزدەپ تاپالمىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ كاللىسىنىڭ ساقچى ئىدارە ھاجەتخانىسىدا ئېسىغلىق تۇرغانلىقىنى ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئاستىغا خىتايچە قىلىپ «ئۆز مىللىتىگە خائىنلىق قىلغان بۇ مۇناپىقتىن بىزگىمۇ ۋاپا كەلمەيدۇ» دەپ يېزىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرىدۇ. كېيىن نامەلۇم بىرسى ئۇنىڭ ئاستىغا ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ، سېپىل دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويغان ئىكەن. مەلۇم بولدىكى توختى پارتىزانلار كېلىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلاپ خىتاي چېرىكلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، سېپىل ئىچىدىكى خىتايلارنىڭ ھىمايىسىگە كىرىۋالغان ئىكەن.

### ئېلاۋە

1951 - يىلى خىتاي ھاكىمىيىتى بەكرى غازى، ھامدۇللا قارى، جۇماخۇن ھاجى، قۇرۋان خەلپەت، قاسىم شاڭيۇ قاتارلىق 16 كىشىنى خىتايلارنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن تەتۈر ئىنقىلاپچى، زومىگەر ئۇنسۇرلار دەپ تۆھمەت قالپاق كىيدۈرۈپ ئېتىپ ئۆلتۈردى. شۇندىن كېيىن ئۇيغۇرلار قىزىل ۋە قارا خىتايلارنىڭ ھەممىسى بىر خىتاي ئىكەنلىكىنى ئۇلاردىن ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى.

ئۈنىڭدىن باشقا بىر جۈپ ئۈزۈك، بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا، بىر جۈپ ئالتۇن بىلەيۈزۈك ۋە بىر دانە ئالتۇن سېپوچكا ئېلىپ بېرىدىلا. بۇنىڭغا نېمە دەيدىلا؟، - دەپ يېقىن كېلىپ يامپىشىنى تۇتۇپ قويغان ئېدى، خۇددى ئېلېكتر توكى ئۇرغاندەك سەمەتنىڭ پۈتۈن ئەزايى تىترەپ كەتتى.

- مەيلى، مەيلى، ماقۇل...، - دەپ ئايلىخانىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

ئانداق بولسا ھەممىدىن مۇھىم يەنە بىر گەپ بار: سىلىنىڭ قورا جاي كىمنىڭ نامىدا؟، -دەپ سورىدى ئايلىخان. سەمەت بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

- ئۆزەمنىڭ نامىدا، - دەپ جوۋاپ بەردى.

- ئانداق بولسا، ئۆينى مېنىڭ نامىمغا يازدۇرۇپ بېرىدىلا. بولمىسا، قازار يېتىپ ئالامدىن ئۆتۈپ كەتسىلە، قېيۇم بويتاخنىڭ تۇققانلىرى غۇلجىدىن كېلىپ ئۆيىگە ئېگە بولىۋالغاندەك، سىلىنىڭ تۇققانلىرى چىقىپ جاينى تارتىپ ئالسا، مەن شەرمەندە بولۇپ ئۆيدىن قوغلىنىپ كېتىمەن. مانا مۇشۇنىڭغا ماقۇل بولسىلا مەن پاسپورتىمنى بېرەي، سىلى جاينى مېنىڭ نامىمغا يازدۇرۇپ كەلسىلە، ئاندىن توي قىلىپ مەن سىلىنىڭ ئىختىيارلىرىغا بارىمەن، - دېدى.

بۇ شەرتلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەمەتنىڭ يېلى چىقىپ كەتكەت پوڭزەكتەك لاسسىدە يېلى بوشاپ كەتتى - دە قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ قالدى. خېلى بىر ھازادىن كېيىن ھېلىقى ئۆزى ئېلىپ كەلگەن سۇمكىسىنى قولىغا ئالدى - دە. ئۈن چىقماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۇددۇل ئۆيىگە قاراپ بېشىنى يەردىن كۆتەرمەي كېتىپ باراتتى. ئالدىدىن ئاغېنىسى ھەسەتبەك چىقىپ قالدى. ھەسەتبەگ بىلەن سەمەتنىڭ دوستلىقىنىڭ قەيەردىن - قەيەرگىچە ئېكەنلىكىنى چۈشەنگلى بولاتتى. بىردەمدىلا چاپان سېلىشىپ، ياقا سىقىشىپ، مۇشلىشىپ قان بولۇشۇپ كېتەتتى. بىردەمدىلا تالىشىپ - تالىشىپ بولۇپ، بىر - بىرىگە خىرىس قىلىپ، بىر تاۋاقتا بىللە ژۇندا ئىچۋاتقان بىر جۈپ قارا كۆچۈككە ئوخشاپ كېتەتتى.

ئايلىخان، سەمەت بويتاق ھەققىدە نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلىغان ئىدى. ئايلىخاننىڭ يولدىشى ئالەمدىن ئۆتكىنى خېلە يىل بولدى. ئايلىخان ئىككى قىز، ئىككى ئوغلىنى بېقىپ چوڭ قىلىپ قاتارىغا قوشتى. ھازىر ئۇنىڭ ئىككى كېلىنى، ئىككى كۈيئوغلى، ئالتە نەۋرىسى بار. سەمەت بويتاق ئاياللار ئارىسىدا «سەمەت شالتاق» دەپ نام چىقارغان. ئۇنىڭ بۇ شەھەردىكى تۇل خوتۇنلاردىن تونۇمايدىغىنى يوق. ھەر قانداق خوتۇنغا تارتىنماي سۆز قىلالايدۇ. كۆز قىسىپ ئەكىلتىپ قويالايدۇ. دەردى بارلىرىنى خۇددى دوختورلاردەك بىلەلەيدۇ. تۇل خوتۇنلار تۇرماق ئېرى بار ئاياللارنىمۇ قولىغا چۈشۈرەلەيدۇ. مانا شۇنداق خوتۇن پەسلىكتە داڭ چىقارغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايلىخان بۇنى بىر «قاپقانغا» دەسسىتىپ دات دېگۈزۈشنى كۆڭلىدە پۈكۈپ يۈرەتتى. مانا بۈگۈن ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىغا كېلىپ قالدى.

- سەمەت ھاجىم، - دەپ ئايلىخان قاشلىرىنى سۈزۈپ كۆزلىرىنى ئويناتۇپ، ناھايىتى لېۋەنلىك بىلەن سىلىق سۆزلەشكە باشلىدى، - سىلىدىن باشقا كىشى بولغان بولسا، ھەرگىزمۇ ماقۇل دېمەيتتىم. سىلىنى ياخشى بىلىمەن. ئۆزلىرى مەرت، تەقۋا، ئون يىگىتكە بارمەيدىغان تەققە - تۇرۇقلىرى قاملاشقان، ئېرىك بارمۇ دېسە، بار دىگىچۈلىگى بار ئادەم. لېكىن سىلىگە دەيدىغان بىر گېپىم بار، شۇنىڭغا ماقۇل بولسىلا بىز سىلى بىلەن توي قىلايلى. بولمىسا مەن باللارنىڭ ئالدىدا مۇنداقلا سىلىگە بارالمايمەن. خاپا بولمىسلا، - دېدى. سەمەت:

- دېسلە، دېسلە، قولۇم كۆكسۈمدە، - دەپ تىترەپ كەتتى. بۇ ئاپپاق، چىرايلىق بېلىقتەك ئويناپ تۇرۇۋدىغان چوكاننى قولىغا چۈشتى، دەپ ھېساپلاتتى.

- ئەمسە، مەن دەي. ھاجىم ئۆزلىرى بىلىدىلا، ئېشەك ئالساڭ توقۇم ئالدىغان ئىش بار. شۇڭلاشقا ماڭا: بىر قىشلىق پالتو، بىر يازلىق پلاش، ئىككى قىشلىق، ئىككى يازلىق كۆينەك، بېشىمغا پوكۋاي ياغلىق، ئىككى ئۆيچىلىك، ئىككى مېھماندارچىلىق ئۈچۈن ياغلىق، قىشلىق مەسە كالاش، يازلىق - كۆزلۈك تۇپلەي،

- سەن مۇنۇ خالتاڭنى ياندۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ، يامان قىپسەن. بولمىسا يەنە كىرسەڭ بولاتتى، - دېدى. شۇ ئەسنادا سەمەتنىڭ خىيالىغا ماجانگۇل كېلىپ كەلدى.
- ئاداش ھەسەت، مەن يەنە بىر جانانىنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلەي، - دېدى. ئاغىنىسى:
- توغرا دەيسەن ئاداش «يىقىلغان كۆرەشكە تويماپتۇ» دېگەن گەپ بار، - دېدى.

ماجانگۇل يوغان ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاشلىرىغا ئۇسما قويدى. كالپۇكلىرىنى چىرايلىق قىلىپ بويىدى. چاچلىرى ۋە يۈز كۆزلىرىنى تەرتىپكە سالدى. قوللىرىغا بىر چۆپتىن ئالتۇن ئۈزۈك ۋە ئالتۇن بلەيۈزۈكلىرىنى سالدى. برىلىئانت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقىسىنى قۇلۇغىغا، ئالتۇن مىداليونلۇق سېپوچكىسىنى بوينىغا ئېسىپ، تويىغا ئاتاپ تىكتۇرگەن كۆينەكلىرىدىن بىرنى تاللاپ كيدى دە، ئۆزىگە ئۆزىنىڭ زوقى كېلىپ ئەينەككە قاراپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. مانا شۇ چاغدا سەمەتنىڭ ئۆيگە كىرىپ بوسوغىدا قاراپ تۇرغانلىقىنىمۇ تۇيماي قالدى.
- ئەسسالمۇ ئالەيكۇم! ماجانگۇل سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟
- خۇداغا شۈكرى يامان ئەمەس.
- ناھايىتى ياخشى، بۈگۈن خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن سىزنىڭ كەيپىڭىزنىڭ چاغ ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قاپتىمەن.
- شۇنداق، بۇياققا قەدەملىرى يېتىپ قاپتۇ؟!
- ھە، ئۆزلىرى بىلىدىلا - دەپ ئايلىخانغا دېگەن گەپنىڭ بىرىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي سۆزلەپ بولۇپ قولىدىكى ھېلىقى سۇمكىسىنى ماجانگۇلنىڭ ئالدىغا قويدى. ماجانگۇل سۇمكىنى قولىغا ئېلىپ بىر قاراپ قويۇپ:
- بەك ئاۋارە بولۇپ كېتىپتىلا، مۇنداق نەرسىلەر لازىم ئەمەستى. مەن ھازىر بىر ياققا ئالدىراپ كېتىۋاتاتتىم. سىلى بىلەن باشقا بىر ۋاقىتتا گەپلىشەرمىز. خاپا بولمىسىلا، شۇ تاپتا ۋاقتىم يوق، - دەپ جاۋاپ بەردى.

دېمىسىمۇ ھەسەتبەگ بىر ئىككى رومكىنى قىقىۋېلىپ ئۈستىگە بىر ئورام چېكىۋالغاندا ھەر قاندىغىنى «ۋاي، ۋاي» دېگىزىۋېتەتتى. كەيىپ بولىۋالسا ئېرىقمۇ، كوچىمۇ، توپىمۇ ئىلا قىلماي يېتىۋالاتتى. ئورنىدىن تۇرسىلا «تۇرۇش دېسە - تۇرۇش» دەپ دايىم سولخاي يەڭنى چىقىرىپ جىدەلنى پۇلغا سېتىۋېلىپ ژۇرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئاۋۇت بولسىمۇ، ئۇنى خەلق «ئاۋۇت جۇدا» داۋالغان ئىدى. لېكىن «جۇدا» دېگەن نام ئۇنىڭ نامى - ئەمەلنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلمىگەن ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇ بىرلىرى ياخشى ئۆقۈپ، مۇئەللىم بولۇپ قالغان بولسا «پاھ، ما دۆتنىڭ ئەپەندى بولۇپ كەتكىنىنى» دەپ مازاق قىلسا، يەنە بىرلىرى سودىگەرچىلىك قىلىپ باي بولۇپ كەتكەن بولسا «قارا نېمە دېگەن يامان زامان بۇ، ياقىلار ئېتەك بولۇپ، ئېتەكلەر ياقى بولۇپ كەتتى. تۆنۈگۈنلا تېخى بىراۋنىڭ قولىدا ئىشلەپ يۈرەتتى، بۈگۈنزە «ئىناماركا ماشىنا مىنىۋاپتۇ»، «پاھ، مۇنۇنى قارا كالتە قوشوقنىڭ سېپى قولىغا تېگىپ قاپتىكەن، چاترىقىغا سىغماي قاپتۇ» دەپ كۆرەلىگەن ئادەمنىڭ كەينىدىن كۆرەلمەسلىك، ھەسەت قىلىپ يۈرىدۇ. شۇڭلاشقا خەلق ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ قىلىپ «ھەسەتبەگ» ، «ھەسەت جودا» دەپ ئاتاۋالغان ئىدى.

- نەدىن كېلىۋاتسەن؟ بەكمۇ كەيپىڭ يوققۇ؟، - دەپ سورىدى ھەسەت جودا.

- سوراپ نېمە قىلىسەن ئاداش، جۆرە بىزنىڭكىگە كىرىپ بىر خۇماردىن چىقايلى دەپ ئۆيىگە باشلاپ كىردى. ئۆيدىن كىچىك بىر خالتا ئېلىپ چىقىپ ئاغزىنى ئاچتى- دە:

- ئاداش بۇ مەكتىنىڭ، ئۆتكەندە ئۇياقتا بارغاندا كىچىككىنە ئىككى ئورام ئالغاچ چىققان ئىدىم: دېدى - دە تاماكىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئوراپ تۇتاشتۇردى. ئۆزى تازا چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ شوراپ ئالدىدە ھەسەتكە سۇندى. ئۇمۇ شۇنداق بىر نەپەس ئېلىپ سەمەتكە قايتۇردى. كېيىن بولغان ۋاقەنى ھەسەتكە سۆزلەپ بېرىپ، ئاخىرىدا «سېنى تىللىغىنى - چىللىغىنى ، يەنە بارىمەن»، دېگەن ئىدى. ھەسەت ئۇنۇمىدى.

1.5 مېتر رەخ بولۇپ قالغان بولسا مەن ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ ئورنىغا باشقا رەخ ئاپىرىپ بېرەي دەپ ئويلاپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ سەمەت كىرىپ كەلدى.

- ئاسسالامۇ ئەلەيكۇم ماجانگۇل خېنىم، ئۇبدان تۇردىلىمىكىن، ئاۋۇ كۇنى ئالدىراشلىق ئېكەنلا، سىلىنىڭ شىرىن سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا مۇمكىن بولماي كېتىپ قالغان ئېدىم. مانا بۈگۈن خاتىرجەم مەسلىھەتلىشۋالارمىز، - دەپ ئالدىلىرىغا كەلدىم، - دەپ تەكلىپنى كۆتمەي سۇپىدا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتاردى. ماجانگۇل:

- سەمەت ھاجىمكا، سىلى نەچچە قېتىم خوتۇن ئالدىلا؟، - دەپ سوراپ قالدى.

- ئۇنى سوراپ نېمە قىلىدىلا. ئەركىشىگە 40 خوتون ئالسىمۇ دۇرۇس دەيدۇ.

- شۇنداق بولسىمۇ مېنىڭ بىلگىم كېلىۋاتىدۇ. ئەركىشىگە قانچە خوتون ئالسا ئەيىپ ئەمەس.

- شۇنداق. يەتتە قېتىم ئۆيلەندىم، تۆرتى بىلەن چىقىشالماي قويىۋەتتىم، ئۈچى ئۆلۈپ كەتتى. ئاللانىڭ تەغدىرى.

- شۇلارنىڭ ھەممىسىدىن بالا بولغانمۇ؟

- خېنىم، ئۇنىڭ ھەممىسىنى كولاپ سوراپ نېمە قىلىدىلا. ئىككىمىز يېڭى تەككەن ئەر- خوتوندەك چىرايلىق ئۆتسەك بولىدىغۇ.

- ئۇغۇ شۇنداق مەنمۇ ئىككى قېتىم ياتلىق بولغان مەن، - دەپ جىم- جىت بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ خىيالى ئۇزاق ئۆتمۈشكە كېتىپ قالدى. ماجانگۇلنىڭ بۇرۇنقى يولدىشى شاۋدۇندىن ئىككى ئوغول، بىر قىزى بار. شاۋدۇن ئېغىر بېسىق، يۇگاش كام گەپ، ئىشچان ئادەم ئېدى. بۇلار ئون ئىككى يىل چىرايلىق، ئىناق، ئىتتىپاق بىللە ياشىغان ئېدى. ئىلاھىي تەغدىر بىر كۇنى توپىۇقسىزلا يۇرەك ئاغرىغى بىلەن شاۋدۇن ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئارىدىن 4- 5 يىل ئۆتۈپ ، بىر كۇنى ماجاننىڭ ئۆيىگە تۇرنىسا كىرىپ، ئۇنىڭغا:

- بولىدۇ، بولىدۇ، يەنە ئايرىم كېلىمەن، رەخمەت، - دەپ قوزغالدى.
- ماجانگۈل:
- ماۋو سۈمكىنى ئېلىۋالسىلا، - دېگەن ئېدى.
- ھېچ گەپ يوق. ئۇ سىلىنىڭ لايىقلىرى بولمىسىمۇ دەسلىۋىدە ئېلىپ قويسىلا، - دەپ سۈمكىنى قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى.
- ماجانگۈل، ئايلىخاننىڭ نەۋرىسىنىڭ سۈننەت تويىغا قاراپ ماڭدى «تويغا دېسە قورۇختا كالا ژۇمۇلايدۇ» دېگەندەك، تويغا كەلگەن ئاياللار ناھايىتى كۆپ ئېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئادەمگەرچىلىكلىرىنى يېزىپ تورۇش ئۈچۈن ئىككى قىزنى كاتىپ قىلىپ بەلگۈلەپ قويغان ئېدى. ماجانگۈل سەپسالمىغان ، رەخنىڭ ئىچىدە ئىلگىرى سەمەت «ئايلىخان خېنىمغا سوغا س. ھاجىمدىن» دەپ يېزىپ قاتلاپ قويغان قەغەز بار ئېدى. ئۇنى كۆرمىگەن ماجانگۈل سەمەت ئېلىپ كەلگەن ئادەمگەرچىلىكنى «بۇنى ماڭا ھېلىقى بويتاقنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئۇ نەدىن بىلەتتى. توي دېگەندە كۆپچىلىك قاتارىدا كېتىۋېرىدۇ» دەپ تويغا ئېلىپ بارغان ئېدى. مانا ئەندى توي تۈگەپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە ھېلىقى خالتا ئايلىخاننىڭ قولىغا چىقىپ قالدى. ئايلىخان خالتىنى كۆرۈپلا تونىغان بولسىمۇ لېكىن قوشۇمچە يېزىلغان خەت ئايلىخانىڭ تېخىمۇ قاقاخلاپ كۈلۈشىگە سەۋەپ بولدى. «ۋاي توۋا، ۋاي توۋا مۇنداقمۇ ئىنسان بولىدىكەن» دەپ ۋاقىراپ كۈلۈۋاتاتتى. تاراققىدا قىلىپ دەرۋازا ئېچىلىپ بىر كىشىنىڭ كىرىۋاتقان شەپى بىلىنىپ قالدى...
ماجانگۈل تويدىن قايتىپ كېلىپ خىيالغا چۈشۈپ قالدى. «ھېلىقى خالتىنى ئالدىراپ ئايلىخانغا ئاپىرىپتىمەن. رەخنى ئۆلچەپ باخماپتىمەن. مابادا 2.5 ـ 3 مېتر بولسىغو مەيلى ئەگەر 1.5 مېتر پارچە رەخ بولۇپ قالغان بولسا، ئايلىخاننىڭ تازا جۇدۇنى تۇتۇپ، مېنى كۆزىگە ئىلماي زاڭلىق قىلىپ شۇنى ئەكەپتۇ دەپ خاپا بولمامدۇ، ئۇ مېنىڭ دوستۇم تۇرسا. توۋا ھەجەپ بىخوتلۇق قىلىپتىمەن. مەن بېرىپ راستىمنى ئېيتىپ سوراپ كۆرەي. ئەگەر

دەپ ئۈچ بالىسى تەڭ يىغلايدۇ، ئالدىسىمۇ ئۈنىمايدۇ.شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۆيدە بوران چىققاندەك سوغچىلىق پەيدە بولۇپ، خاتىرجەملىك بولمىدى. روسۇلجان «باللىرىڭ يامان دەيدۇ»، ماجان بولسا «سەن مېنىڭ باللىرىمنى قاتتىق ئالدىڭ» دەپ ھەر كۈنى ئۇرۇش جىدەل توگۇمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ماجان ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن. ماجانگۈل بىر ئوغلىنى بىر ياخشى ئائىلىدىن ئۆلىدى. قىزىنى ياتلىق قىلدى. ئالدىدا خىزمەت قىلىۋاتقان كېلىنى بار. بىر ئوغول بىر قىز نەۋرىسى بار. نەۋرىلىرىنى بىر مىنۇت كۆرمىسە چىدىمايدۇ. تولىمۇ ياخشى كۆرۈدۇ. قىزىنىڭمۇ بويىدا بار، ئاللاھ بۇيرۇسا يېقىن ئارىدا يەنە بىر نەۋرىلىك بولىدۇ. ئەرگە تىگىپ كۆرگەن. ئەندى بۇ دېمەتلىك بولغاندا ئۆز ئابروينى ساقلاپ، باللىرىنىڭ دۆلىتىنى كۆرۈپ، ئۆيدە ئولتارماي ئەرگە تېگىشنى كىم قويۇپتۇ...، دېدى ئىچىدە. ئاندىن كېيىن بىشنى سەل ژۇقۇرى كۆتۈرۈپ:

- رەخمەت سەمەت ھاجى ئاكا، بۇ دەملىك بولغاندا تۇرمۇشقا چىقالمايمەن، - دەپ ئۇزۇل - كېسىل جاۋاپ بەردى. سەمەتنىڭ ئەزمە ھېكايىلىرىغا قۇلاق سالمىدى. ھەر قانچە ۋەزە ئوقىسىمۇ ماجاننى ئىندەككە كەلتۈرەلمىگەن سەمەت:

- ئەمسە مەن قايتاي، خالتامنى بېرىۋېتىڭ، - دېدى. ئۇ ئىچىدە «سەن جىندىغا بەرگەن سوغام ھارام» دەپ قايتۇرۇۋېلىشقا كىرىشتى.

- ئانداق بولسا، ئون مىنۇت موشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرسىلا،

- دەپ ئىچكىركى ئۆيگە كىرىپ ئۈچ مېتر شىپوڭ دۇخاۋا بىر قولىدا باللارنىڭ كېيىم -كېچىگىنى ئالدىدە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ماجانگۈل ئايلىخانىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئايلىخانىنىڭ بولىشچە كۆلىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. خىيالىغا ھەر خىل خىيال كەلدى. بۇ كۈلكە پەقەت توختىمىغاندىن كېيىن «نېمە بولسىمۇ كىرەي» دەپ قوراغا قەدەم تاشلىدى. ماجاننىڭ كىرگىنىنى كۆرگەن ئايلىخان ئۈنىڭدىن بەتەر قاتتىق كۈلۈپ كەلگەن پېتى ماجاننى قۇچاغلاپ تېخىمۇ كۈلۈشكە باشلىدى.

- ماجان، سەن تېخى ياش، باللىرىڭمۇ كىچىك موشۇنداق چاغدا سەن بىر ئەرگە تېگىۋالمىساڭ بولمايدۇ، باللىرىڭغىمۇ ئاتا لازىم، - دەپ ئۆزۈندىن - ئۆزۈن نەسىھەت قىلدى. ئاخىرى تۇرنىسانىڭ گەپلىرى تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ماجانگۈل تۇرمۇشقا چىقىشقا رازىلىق بېرىپ:

- سەن بەك قاخشاپ كەتتىڭ، سېنىڭ ماڭا تاپقان بىر لايىغىڭ بار ئوخشىمامدۇ، دېگىنە ئۇ كىم؟ دەپ سورىدى. تۇرنىسا دەل موشۇنداق جاۋاپنى كۈتۈپ تۇراتتى.

- ھە ماجانگۈل، ئەندى ئەقلىڭگە كەلدىڭ. ئۇ كىم بولاتتى، ئۆزەڭ بىلىدىغان ھېلىقى روسۇلجان. ئۇ ناھايىتى ئىشچان، پۇل تاپقاق، كېلىشكەن چاققان بالا. ئۇنىڭ ئايالى ئۆلۈپ كەتكىنى 5 - 6 ئاي بولۇپ قالدى. «ئايالسىز ياشاش بەك قىيىن ئىكەن، بىر لايىق تاپسىڭىز بولاتتى» دېگەن ئىدى. مەن ئېتىڭنى چىقارسام ئۇنىڭغا چۆپتەك ياقتى. سەنمۇ ماقۇل دېسەڭ 5 - 10 كۈن ئىچىدىلا تويىنى قىلىۋېتىمىز دېدى.

- قېنى ئويلىنىپ كۆرەي، - دەپ تۇرنىسانى خاتىرجەم قىلىپ قويدى.

ماجانگۈل بىلەن رۇسۇلجاننىڭ بىر ياستۇققا باش قويغىنىغا ئۈچ يىل بولاي دەپ قالدى. بىر كۈنى روسۇلجان:

- ماجانبۇ، سەن باللىرىڭغا نەسىھەت قىل. سەن بولمىساڭ باللىرىڭ ئۆيىدە تۇرمايدۇ. بەزىدە ھەقەيەرلەردە قونۇپ قالىدۇ، مېنىڭ گېپىمگە قولاق سالمايدۇ، - دېدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ماجانگۈل ئىشتىن كېلىپ قارىسا باللىرى ئۆيىدە يوق. بۇلار «نەگە كەتكەندۇ»، دەپ ئۇياق - بۇياقنى ئىزدەپ ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ قارىسا 3 باللىسى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ، قۇچاغلىشىپ يىغلاۋېتىپتۇ. يۈگرەپ بېرىپ باللىرىنىڭ بېشىنى سىلاپ «نېمە بولدى، باللىرىم» دەپ سوراپتۇ. باللىرى:

- ئانا سەن بولمىساڭ دادام بىزنى دۈشكەلەيدۇ، تاماق يېسەك «يەپ قارنى تويمايدىغان يىتىم ئوغلاقلار»، دەپ تىللايدۇ. ئانا سەن بىزنى موماملارنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋەت. بىز بۇ ئۆيدە ياشمايمىز، -

# ماقالىلار

ماجان ئۆيىدا «بۇ ئايىنىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. لېكىن قىلغان مۇئامىلىسىنىڭ ناھايىتى ئورۇنلۇق ئېكەنلىكىنى بايقاپ ئۆزىنىڭغا قوشۇلۇپ تەڭ كۈلۈشكە باشلىدى.

- ھا، ھا، ھا،ھا ۋاي توۋا، ۋاي توۋا...

ھەر ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە تەگكەش خور قىلىپ كۈلگىنىگە قارىغاندا بۇلار بىر - بىرىنى چۈشەنگەن ئوخشايدۇ ئەتىمالىم.

※ ※ ※

# «مىللەتچىلىك» دېگەن نېمە؟

ئەزىز ۋەتەنداشلىرىم! بۇ ماقالەمگە مۇنداق ماۋزۇ قويۇشتىكى مەخسىدىم باشقىلارغا دەرس بېرىش ياكى ئۆگۈتۈش نىيىتىدە ئەمەس، بەلكى سىزلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مۇلاھىزە قىلىپ، ئورتاق بىر چۈشەنچىگە كېلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى مېنىڭچە ھازىرقى دەۋردىكى مىللىتىمىزنىڭ يۈزلىنىش ئەھۋالى كېلەچەكتە يەنە بىر ئەسىرگە قالماي، مىللىتىمىزنىڭ مىللەت سۈپىتىدە يوقىلىپ كېتىش خەۋپى بىزنى قورشاپ ئالغاندەك ھېس قىلماقتىمەن. شۇڭا «مىللەتچىلىك» چۈشەنچىسى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىمنى ئورتىغا قويۇشنى زۆرۈر دەپ ھېساپلىدىم. بۇ ھەقتە ھەر قايسىڭلارنىڭ كام يەرلىرىنى تولتۇرۇپ، خاتالىرىغا تۈزىتىش بېرىپ، ئۆز كۆز قاراشلىرىڭىزنى ئورتىغا قويۇشىڭىزلارنى ئىلتىماس قىلىمەن. گېزىتىمىزنىڭ ئىمكانىيىتىنى ھېساپقا ئېلىپ ماقالىنى تەپسىلى كەڭ چۈشەندۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن قىسقا سوئال - جاۋاپ تېرىقىسىدا يېزىشنى قارار قىلدىم.

«مىللەتچىلىك» بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۆز مىللىتىنى چىن قەلبىدىن سۆيۈش دېمەكتۇر. مىللەتلەر ئاساسەن ئىككى تۈپقا بۆلۈنىدۇ: بىرى - ئەزگۈچى مىللەتلەر يەنە بىرى ئېزىلگۈچى مىللەتلەردۇر.

بىز بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئاۋۋال «مىللەت» دېگەن ئۆزى نېمە؟ - دېگەن سوئالغا قاراپ كۆرەيلى. مىللەت دەپ - مۇستەقىل تىل، يېزىغى بار، ئۇزۇن يىللىق تارىخقا، مەدەنىيەتكە ۋە ئەنئەنە ئۆرپى - ئادەتلەرگە ئىگە بىر جايدا توپلىشىپ ياشاۋاتقان زېمىنى بار خەلقنى ئاتايدۇ. دېمەك «مىللەت» دېگەن ئۆز ئەۋلادى، ئۆز قېرىنداش قانداشلىرى دېمەكلىكتۇر. «ئەزگۈچى» مىللەت دېگىنىمىز چوڭ مىللەت باشقا مىللەتلەرنىڭ يېرىنى بېسىۋېلىپ

ئۆزلىگىمىزدىن مىللىي يوقۇلۇشقا يۈزلىنىۋاتىمىز. قىرغىزلار يەتمىش يىلدا يوقۇلۇپ كېتىشكە يۈزلەنگەن تىلى، مەدەنىيىتى، دىنى ۋە ئۆرپى - ئادەتلىرىنى ناھايىتى تېز تىكلەۋالدى. مانا بۇ ھەقىقى مىللەتچىلىك ياكى چىن مەنىسىدە مىللەتپەرۋەرلىكتۇر. بەزىلەر بىزنىڭ دۆلىتىمىز بولمىغانلىقتىن شۇنداق بولىۋاتىدۇ، دېيىشى مۇمكىن. كەسكىن ئېيتىش كېرەككى زادىلا ئۇنداق ئەمەس. قىرغىزستاندا ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنى ئېچىشىمىزغا، ئۆز تىلىمىزدا گېزىت - ژۇرنال چىقىرىشىمىزغا، رادىئو ئاڭلىتىش، تېلېكۆرستىشلەرگە شارائىت تۇغدىرىۋاتىدۇ. لېكىن، بىزدىكى ختاي چوڭ مىللەتچىلىكى پەيدا قىلغان مىللىي روھسىزلىق، مىللىي غورۇرىمىزنىڭ يوقىلىۋاتقانلىغى بىزنى ھەممە نەرسىگە بىپەرۋا قارايدىغان، ھېچ نەرسىگە قىزىقمايدىغان، قۇللۇققا قايىل بولۇپ، ھەممىنى ئاللاھنىڭ تەغدىرىگە يۆلەپ قويۇشتەك لەخۋا مجەزگە كەلتۈرۈپ قويدى. بىزدە پەقەت ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئۆز كۆڭلىنى خۇشلايدىغان، قوشاق قېتىپ ژىغلايدىغان ئادىتىمىزلا ساقلىنىپ قالدى، خالاس. ئۆرپى - ئادەتلىرىمىزمۇ ئۆزگۈرۈشكە باشلىدى. چەت ئەللەرگە كەتكەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆزاققا بارماي مىللەت سۈپىتىدە يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ كىشى.

ئەندى ئەسلى مەقسەتكە كەلسەك، ختايلارنىڭ ئۆزى ئىختىيارى بىلەن بىزنىڭ مۇستەقىللىغىمىزنى قايتۇرۇپ بەرمەيدىغانلىغى ئايان. بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ بىز مىللىي مەنپىيەتىمىز ئۈچۈن چىن يۈرەكتىن كۆيىنىدىغان «مىللەتچىلەردىن» بولىشىمىز كېرەك. يېۋرېپالارنىڭ ئىككى مىڭ يىللىق سەرسەنلىقتىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل دەۋلەت قۇرۇش تەجرىبىسى بىزنىڭ شۇنداق قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلىگىنى چۈشەندۈرىدۇ. جانابى ئاللاھ مۆمىن بەندىسىنى خارلىقتا قويغان ئەمەس. بىز ئاللاھنىڭ بارلىقىغا چىن

ئېرىدىغانلاردۇر. ئەزگۈچى مىللەت ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا خىتاي، چوڭ مىللەتچىلەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ 1949 ـ يىلى بېسىپ كىرىپ، شۇندىن بۇيان ۋەتىنىمىزگە ھەر خىل باھانىلار بىلەن نەچچە ئون مىللىئونلىغان خىتايلارنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋالدى. ۋەتىنىمىزدە خىتاي تىلىنى ـ ھۆكۈمران تىل دەپ مەجبۇر تېڭىشقا كىرىشتى. ئۇلار بىزنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىمىز ۋە تېرىلغۇ يەرلىرىمىز تۇرماق تاغ ـ يايلاقلىرىمىزغىچە ئىگەللەپ ئالدى. مەدەنىيىتىمىزنى خىتاي مەدەنىيىتى بىلەن مەجبۇرى ئارىلاشتۇرىۋەتتى. بىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىمىزنى يوققا چىقىرىپ، خىتاي تارىخىنى مەجبۇرى ئۇقۇتۇشنى يولغا قويدى. سىياسىي، مەمۇرى، ئىختىسادىي ھاكىمىيەتنىڭ ھەممىسىنى خىتايلار كونترول قىلىپ، مەجبۇرى خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنى جىددىي ئېلىپ بارماقتا. خىتايلارنىڭ چوڭ مىللەتچىلىك زوراۋانلىغى تۈپەيلى نەچچە يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇرلار دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا قېچىپ بېرىپ مۇساپىرلىق ھايات كەچۈرمەكتە.

بىز ياشاۋاتقان قىرغىزستاندا ئەھۋال قانداق؟

بىزدە كۆپچىلىك ياشلىرىمىز ئۆز تىلىدا سۆزلىششنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇلار ئۆز ئارا بىر بىرى بىلەنلا ئەمەس بالىلىرى ۋە ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەنمۇ رۇسچە سۆزلەشمەكتە. ئاز ساندىكى بىر قىسىم قىز ـ ئوغۇللىرىمىز (ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيەسىگە كىرمىگەن) يېۋروپىلىقلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئەمەس، ئەكسىچە يامان تەرەپلىرىنى ناھايىتى تېز ئۆزلىرىگە قوبۇل قىلماقتا.

قىرغىزلار بىزگە مىللەتچىلىك قىلىۋاتامدۇ؟

بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا ـ ياق. ئۇلار بىزگە ئىمكان ـ قەدەر مىللىي يۈكسىلىشىمىز ئۈچۈن ياردەملەشمەكتە. بىزنى تىلى بىر، دىنى بىر قېرىنداشلىرىمىز دەپ ھېساپلايدۇ. ئەپسۇسكى، بىز

ھەقلىرى كۆرۈشىدىن پايدىلىنىپ مىللەتنى ساقلاشقا ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياشلىرىمىزنى زامانغا ماس ئىلمىي تېخنىكا پەن خادىملىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرىشىمىز مۇمكىنغۇ. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ قىلىۋاتقانلىرىمىز باللىرىمىزنى ئاشپەزلىك، ناۋايلىق ئېشىپ كەتسە «دوردوي»، «مەدىنە» بازارلىرىدا سودا قىلىشقا ئۈندەۋاتىمىز. ئەلۋەتتە، پۇل بولمىسا تىرىكچىلىك بولمايدۇ. لېكىن پۇل تاپقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پۇلنى چوڭ توي - تۆكۈن ، داقى - قۇمباق، چوڭ نەزىر -چىراقلارغىلا ئىشلىتىۋەرمەي ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرەلمەيۋاتقان، چەت ئەلگە بېرىپ ئوقۇشنى خالايدىغان تالانتلىق، قابىلىيەتلىك ياشلىرىمىزغا سەرىپ قىلساق نۇر ئۈستىگە نۇر بولاتتى.

بىز ھەركىمنىڭ ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ياردەم قىلىش ئىدىيەسىنى تىكلىشىمىز كېرەك ئېدى. بەزى قول ئىلكىدە بار كىشلەر مەسچىت سېلىش، دىن ئوقۇتۇش، خەيرىخاھلىق قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ ناھايىتى توغرا بىزنىڭ مىللەت بولۇپ تۇرىشىمىزنى ئۇلۇق ئىسلام دىنىمىزنىڭ شاراپىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. لېكىن بىزنىڭ مىللىي مەۋجۇتلىغىمىز ئۈچۈن ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنى، سىنىپلىرىنى ئېچىپ ئۇنى ئىختىسادىي جەھەتتىن تەمىنلەش قاتارلىق موھىم ئىشنى نەزەردىن چەتتە قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. سىز موشۇ ئىشلارنى قىلالىسىڭىز ئاتا- بوۋىلارنىڭ روھىنى خوش قىلىپ، ئەۋلاتلىرىڭىزنى يۆلىگەن بولسىز.

بىز مىللىتىمىزدىن ئالىملار بىلەن ئىلمىي خادىملار چىقسا خوشال بولىشىمىز كېرەك. مىللەت شەنىگە داغ كەلتۈرىدىغان پەسكەشلىكلەردىن نەپرەتلىنىشىمىز كېرەك ئەڭ يامان ئادەتلەردىن بولغان شۆھرەتپەرەسلىك، ئۆزىنى كۆرسىتىۋېلىش، توغرا سۆز قىلسا، زىتىمانلىق قىلىش، شەخسى ئۆچمەنلىكنى دەپ مىللىي

ئىشىنىدىغان بولساق، ئۆزىمىزنىڭ چوقۇم ئازات بولىشىمىزغا قەتئى ئىشىنىشىمىز كېرەك. دۇنيادا بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئەبەدىي نەرسە يوق. ھەممە نەرسە پەيدا بولۇپ ئاخىر يوقايدۇ. ۋاقتى كەلسە ئۇنى توختىتىۋېلىش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ زوراۋانلىغىمۇ چوقۇم يوقىلىدۇ.

بەزى مۇناپىقلار خىتاي كوممۇنىست دىكتاتورىسىنى يوقالماس قۇدرەت ھېساپلاپ ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتىنى دەپ ئۇلارغا غالچىلىق قىلماقتا. ئۇلار ئۆز ئەۋلاتلىرىنىڭ ئالدىدا قارا داغ بولۇپلا قالماستىن مىللىتىمىزنىڭ ئالدىدا شەرمەندە بولىدى.

بىز پەقەت مىللىي مەنپەئەتكە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشىمىز، مىللىتىمىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا زىيانلىق ئىشلاردىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. مۇستەقىللىق داۋايىمىزنى ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا مىراس قالدۇرۇش بىزنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى بۇرچىمىزدۇر. بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى پەرزەنتلىرىمىزگە ئۆز تىلىمىزنى ھارماي ئۆگىتىشىمىز، يېزىغىمىزنىمۇ ئۆگىتىشىمىز كېرەك. ئۆز تىل - يېزىغىنى بىلمەيدىغان ئادەمدە مىللىي ھېسسىيات، مىللىي غورۇرىنىڭ بولىشى مۇمكىن ئەمەس. مىللىي تىل - يېزىقنى بىلسىلا ئاندىن ئۇلار مەن كىم دېگەن چۈشەنچىگە جاۋاپ تاپىدۇ. ھازىردا توشقان ئالدىغان خىتايلار ئۈچۈن ئۇزاق بىر مۇددەت تېچ شارائىت كېرەك. چۈنكى ئۇلار بىزنى مىللەت سۈپىتىدە يوق قىلىۋېتىشنىڭ ھەممە شەرت - شارائىتلىرىنى ھازىرلاۋاتىدۇ. شۇڭا بىز «ھۆكۈم قىلىنغان ئۆلۈم جازاسى» نىڭ قاچان ئىجرا قىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرماي پۈتۈن جاھاندىكى ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ مىللىتىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك. بىز چوقۇم قوراللىق كۆرەش قىلىش تەرەپدارى ئەمەسمىز. بىز تۇرماق خېلى چوڭ دۆلەتلەرنىڭمۇ خىتايدىن ئېھتىيات قىلىۋاتقانلىغى سىر ئەمەس. لېكىن بىز ھازىرقى دۇنيا شارائىتىدا ئومۇملىشىۋاتقان ئىنسان

# بىز نەگە كېتىپ بارىمىز؟

سەپەرگە چىققان كىشىنىڭ يېتىپ بېرىشىنى كۆزلىگەن بىر مەنزىلى، قىلىۋاتقان ھەر بىر ئىش ھەرىكەتنىڭ يەتمە كچى بولغان بىر مەقسەت- نىشانى بولىدۇ. شۇڭا مەن بىشكېكتىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئىچىدە بولىۋاتقان ھازىرقى مەۋجۇت ئەھۋالغا قاراپ بىزنىڭ قايسى مەنزىلگە يۈزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىمىز ھەققىدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر قارارغا كېلىشنى نىيەت قىلىپ مەزكۇر ماقالىنى يېزىشنى لايىق تاپتىم.
بىز ئاللاھ قىل دېگەن ئىشنى قىلىشىمىز لازىم ئېدى . لېكىن بىز قاياققا كېتىۋاتىمىز؟ قېنى كېلىڭلار ئالدى بىلەن ھازىرقى بىشكېك شەھرىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىلىۋاتقان نەزىر-چىراقلىرىنى قاراپ كۆرەيلە: چوڭ - چوڭ كافېلاردا يۈزلىگەن ئادەم چاقىرىپ. 40- 50 كىلو گۆرۈچ دەملەپ، 1-2 قوي ياكى بىرەر توپاق سويۇپ، 800- 1000 دىن ئارتۇق نان، 50- 60 كىلو مېۋە - چېۋە، 20- 30 كىلو قەنت ۋە باشقا تاماق -تۈرۈملار (بەزىلەر قېزا -قارتىلار بىلەن)، كافېنىڭ خىزمەت ھەققى ئۈچۈن ھەر بىر كىشى ئۈچۈن 40- 50 سومدىن پۇل تۆلەپ نەزىر - چىراق ئۆتكۈزىۋاتىمىز ۋە بۇنى «خەتمە قۇرئان»دەپ ئاتاۋاتىمىز. شۇ كۈنى ئاياللارغا كافېدا پولودىن باشقا سۇيۇق ئاش ياكى ئەتكەن چاي بېرىلىدۇ. دەستۇرخانغا قويۇلغان مەزىلەرنى ھەر ئىككى ئايال بىر پودنوستىن بۆلۈشۈپ ئېلىپ كېتىدۇ . مۇنداق نەزىرلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ بەس-بەس بىلەن كېڭىيىپ كېتىۋاتىدۇ. قول ئىلكىدە يوقلارمۇ «ئىشەك ئىشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دەپ باشقىلارنىڭ ئالدىدا «ۋاي، چاغلىق ئادەمكەن. تۈزۈگەرەك نەزىر - چىراقمۇ قىلالمىدى» دېمىسۇن دەپ نومۇس كۈچىدىن كۈچىنىپ بىرەۋلەردىن قەرىز ئېلىپ بولسىمۇ، نەزىرنى كافېلاردا ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بۇلىۋاتىدۇ. قول ئىلكىدە بارلار « قولۇڭدىن كەلسە چىكەڭگە گۈل قىس » دېگەندەك ئۇستەللەرنى چىرايلىق ياساپ داغدۇغۇلۇق ئۆتكۈزىۋاتىدۇ. قېنى ئەزىز ۋەتەنداشلار ئويلىشىپ كۆرەيلچۇ؟ ئاللاھنىڭ قۇرئانى كەرىمدە، پەيغەمبىرىمىز

مەنپەئەتنى سېتىۋېتىشكە ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنى يوقىتىشىمىز كېرەك. ھازىرقى مىللىتىمىزنىڭ مۇرەككەپ ئۆتكۈنچى دەۋرىدە يېتىم بالىدەك مىللىي سوركۇلۇشكە دۇچ كېلىۋاتقان ۋاقىتتا كىم بولسا شۇ بولسۇن، ئۇيغۇر باي بولسۇن، ئۇيغۇر ئۇسۇپ چىقسۇن دېيىشىمىز لازىم. بىز مىللەتنى سۆيىدىغان، كۆيىنىدىغان، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئالغان ئەۋلاتنىڭ يېتىشىشىگە ھەرىكەت قىلىشىمىز لازىم.

ئەزىز قېرىنداشلار! بىزنىڭ مىللەتچىلىكىمىز ئۆز مىللىتىمىزنى ساقلاش ئۈچۈن مىللىتىنى سۆيۈش زورۇرىيىتىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ ھەرگىزمۇ باشقا مىللەتلەرنى چەتكە قېقىش ئىدىيەسى ئەمەس. ئەكسىچە قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن مەۋجۇتلىقىمىزنى ساقلاش ئۈچۈندۇر. شۇڭا بىزنىڭ مەسچىتتىكى ئىمام ئاخۇنلىرىمىز ژۇقۇرىدا ئېيتىلغانلارنى مەسچىت جامائىتى ئالدىدا ياكى گېزىت ئارقىلىق ئۆز پىكىر مۇلاھىزىلىرىنى ئورتىغا قويۇشنى ئىلتىماس قىلىمەن. ھەر قانداق نەرسە نىسبى بولىدۇ. مېنىڭ بۇ يازغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى توغرا دەپ ئېيتالمايمەن. خاتالىق، كامچىلىقلىرى بولىشى مۇمكىن، شۇڭا قەلەمداش زىيالىلار ۋە دىني ساھادىكى دوستلارنىڭ تولۇقلاشلىرىنى ئۆتىنىمەن. جانابى ئاللاھ ھەممىمىزنى مىللىي غورۇرىمىز ۋە ئەقىل - پاراستىمىزدىن ئايرىمىسۇن.

مەبلەغلەرنى تۆۋەندىكى جايلارغا ئىشلەتسەك جەنابى ئاللاھ رازى بولىدىغان ئورۇنغا ئىشلەتكەن بولار ئېدۇق. مانا ھازىر قىشتا نورغۇن كەمبەغەل، كېسەل - مەجرۇھ ئائىلىلەر ئوتۇن - كۆمۈردىن قىينالماقتا. ئۇلارغا ياردەم قىلساق زور ساۋاپ بولاتتى. شۇنداقلا ھەممىمىز رابىيە خانىم قادىرنىڭ يېقىندا سۆزلىگەن مۇراجىئىتىنى ئاڭلىدۇق. بىز ئەنە شۇلارغا بەرسەك مىللىئونلىغان مەزلۇم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەن داۋاسى ئۈچۈن تىنىچ يول بىلەن قىلىنىۋاتقان سىياسي كۆرەش يولىغا ھەسسە قوشقان، خەلقىمىزنىڭ مىللي مۇستەقىللىق كۆرىشىنى قوللىغان بولار ئېدۇق.
ئەزىز ۋەتەنداشلار! شۇنداقلا يەنە ئۆز ئىختىيارى بىلەن يوقۇلۇپ كېتىشكە يۈزلىنىۋاتقان بىپەرۋالىق قىلمىشلىرىمىزنى ھەر قايسىلىرىڭىزنىڭ سەمىگە سېلىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ ھېساپلىدىم. ھازىر شەھىرىمىزدىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بېسىم كۆپچىلىگى ئۇيغۇرچە ئوقۇيالمايدۇ، يازالمايدۇ. ئۇنى بەزىلەر ئۆز ھاكىمىيىتىمىزنىڭ يوقلىغىدىن، ئۆز ئانا تىلىمىزدا ئوقۇتۇلىدىغان مەكتەپلەرنىڭ بولمىغانىغىدىن دەپ چۈشەندۈرىدۇ. يەنە ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بىر ئەھۋال شۇكى كۆپلىگەن ئۇيغۇر ياشلىرى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشنى بىلمەيدۇ. بەزى بىلىدىغانلىرى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشنى خالىمايدۇ (نومۇس قىلىدىغان بولسا كېرەك). بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى تىلى چىقىشقا باشلىغاندىن تارتىپ رۇس تىلىدا سۆزلىشىشكە ئۆگىتىدۇ. ئەڭ قىزىغى يېشى خېلى چوڭ ئۆزى ۋەتەندىن چىققان قېرىنداشلىرىمىز مازلىشىپ ھەر بىر سۆزىگە رۇسچە ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەشنى (ئۆزلىرى رۇس تىلىنى ياخشى بىلمىسىمۇ) ياخشى كۆرىدۇ. بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرىگە رۇسچە سۆزلەپ كېتىدۇ.
ئەزىز ۋەتەنداشلار! بىز قاياققا كېتىپ بارىمىز؟ ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن مىللەت سۈپىتىدە يوقۇلۇپ كېتىشكە، ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمۈتلىرىگە ساتقۇنلۇق قىلىش يولىغا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىغىمىز موشۇ ئەمەسمۇ؟ ئۆز تىل يېزىغىنى بىلمىسە ئۇنى قانداق ئۇيغۇر دېيىشكە بولىدۇ؟ مەن - ئۇيغۇر دېگەن

ھەدىسلىرىنىڭ بىرەرىسىدە شۇنداق نەزىر ـ چىراق قىلىڭلار دېگەن جايى بارمىكىن؟ ئاللاھ تائالا سەدىقىنى ئاجىز ـ كېسەل مەجرۇھلارغا، كەمبەغەللەرگە يوشۇرۇن ھالدا بېرىڭلار، ئوڭ قولۇڭلاردا بەرگىنىڭلارنى سول قولۇڭلار كۆرمىسۇن دېگەن. شۇنى ئېيتىش لازىمكى ئەگەر بىز ئاللاھنىڭ كالامىغا راست ئىشىنىدىغا بولساق، ھەر بىر ئادەم ئاللاھ ئالدىغا بارغاندا ئۆزىنىڭ موشۇ دۇنيادا قىلغان ئەمەلىيىتى بويىچە سوراققا تارتىلىدۇ. شۇنداق ئېكەن، بىزنىڭ قىلغان دۇئايىمىز بىلەن ۋاپات بولغان كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى ئاللاھ كەچۈرىۋەتەمدۇ، يوقمۇ ئاللاھ بىلىدۇ. چۈنكى ھەر بىر ئىنسان ئۇ دۇنيادا ھېساپ بېرىشى كېرەك. ئەندى ھېلىقى نەزىر ئۆتكۈزۈلگەن كافېغا كەلسەك ئېشىپ قالغان ئاش تاماقلار ژۇندا قاچىسىغا تۆكۈلىدۇ. ئۇنى ئالغانلار ئاپىرىپ چوشقىغا بېرىدۇ. نۇرغۇن قەنت ـ كەمپۈت، مېۋە ـ چېۋىلەر بۇزۇلۇپ تاشلىنىپ كېتىدۇ. مانا شۇنداق چوڭ ئىسراپچىلىق يۈز بېرىدۇ. بۇ ھاشەمەتلەر ئۈچۈن ساھىپخان ئاز بولغاندا 30 ـ 40 مىڭ بەزىلەر 50 ـ 60 مىڭ سوم، راسخود قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىسراپچىلىقنى چوڭ گۇناھ دېگەن ئېدى. ئەپسۇسكى بىز كافېلاردا نەزىر قىلىپ ساۋاپ تاپمىدۇق، ئەكسىچە ئاللاھ ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قالدۇق.

ئەزىز ۋەتەنداشلار! مەن زادىلا نەزىر ـ چىراق قىلماسلىق كېرەك، دېمەكچى ئەمەسمەن. مۇسىبەتلىك بولغان ھەر بىر ئائىلىنىڭ ۋاپات بولغان ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇققان، قوۋمى ـ قېرىنداشلىرىنى ئەسلەپ، ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ خەتمە قۇرئان قىلغۇسى كېلىدۇ. بۇ بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا ئادەت بولۇپ كېلىۋاتقان مىللىي ئۆرپى ـ ئادىتىمىزدۇر. بۇنى قىلمىساق كۆڭلىمىز يېرىم بولىدۇ. بۇ ئىشنى ئۆز ئارا ئۇرۇق ـ تۇققان، خولۇم ـ خوشنا، مەھەللە ئىچى بىلەن ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ ئۆتكۈزسەك ئىختىسادچانلىق ۋە مەنىلىك بولغان بولار ئېدى. ئەندى پەيشەمبىلىككە كەلسەك پەقەت ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى بىلەنلا ئۆتكۈزۈش ئەزەلدىن كېلىۋاتقان قائىدە بولۇپ، ئۇنى كېڭەيتىۋېتىش ئۆز قائىدىمىزغا ماس كەلمەيدىغان نەزىر ئۆتكۈزۈشكە كەتكەن

مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. بىز بولساق ھېچ ئويلىنىپ كۆرمەستىنلا بۇ ئىشنى يولغا قويدۇق. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسى ھازىرچە ژۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك بىرەر مەكتەپ پەيدا بولۇپ ئومۇمىييۈزلۈك تىل-يېزىقنى ئۆگۈنۈشنى يولغا قويغانغا قەدەر گېزىتىمىزدىن ئۇيغۇر يېزىغىنى ئۆگىتىدىغان بىر سەھىپە ئېچىش تەلەپكە مۇۋاپىق بولغان بولار ئېدى. چۈنكى ئۆزلىگىدىن ئۇيغۇرچە ئۆگۈنۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان ياشلار ئاز ئەمەس. شۇنداق قىلساق بىر، ئىككى يىلغا قالماي ئۇيغۇرچە ئوقالايدىغان مۇشتىرىلارنى كۆپەيتىۋالغان بولار ئېدۇق.

ئەزىز ۋەتەنداشلار! ئەگەر مېنىڭ ژۇقۇرىدىكى پىكىر تەكلىپلىرىم ھەر قايسىڭلارنىڭ بېساتىغا توغرا كەلسە ھەر بىر مەسچىت ئىماملىرى ، يىگىتباشلىرى ۋە مەھەللە باشلىقلىرىنىڭ مەزكۇر ماقالىنى ئوقۇپ چۈشەندۈرۈپ خەلقىمىزنىڭ ئىنكاسلىرىنى ئېلىپ گېزىتىمىزگە مەلۇم قىلىشلىرىنى ئۈمۈت قىلار ئېدىم. ئۇلۇق ئاللاھ ھەممىمىزنى ھەق يولدىن ئاداشتۇرمىسۇن، خەلقىمىزگە تىنچلىق، خاتىرجەملىك ئاتا قىلسۇن.

تەغدىردىمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى، ئەۋلادىنىڭ كىملىكىنى بىلمىسە، ئۇنىڭ قەلبىدە مىللىي غۇرۇر نەدىن بولسۇن؟ مەن بۇ يەردە خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى مىللەت سۈپىتىدە ژوتىۋېتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاسسىمىلەتسىيە قىلىش سىياسىتى ئۈستىدە توختالمايمەن. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇسكى بىز قىرغىزستاندەك بىر ئەركىن، دېموكراتىيە يولىغا ماڭغان دۆلەتنىڭ تەڭ هوقۇقلۇق پۇخراسى سۈپىتىدە ياشاپ تۇرۇپمۇ ئۆزلىكىمىزدىن رۇسلىشىپ يوقاپ كېتىشكە يۈزلىنىۋاتقانلىغىمىز هەر قانداق ۋىژدانلىق كىشىلەرنى ئەجەپلەندۈرىدۇ. شۇڭا بىز نەزىر - چىراقنى قىسقارتىپ ئاشقان پۇللىرىمىزنى جەملەپ بىر مەكتەپ سېلىپ، كۇرسى ئېچىپ، ئۇيغۇر تىلى -يېزىغىنى هەقسىز ئوقۇتۇشنى يولغا قويالىساق قانچىلىك ساۋاپلىق ئىش قىلغان بولار ئېدۇق. بۇ قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئەمەسقۇ. مەسلەن مۇستافا مەسچىتىگە قاراشلىق كەڭ بوش يەر تۇرۇپتۇ.

ئۇندىن باشقا بىزنىڭ بار - يوقى بىردىن بىر ئۇيغۇرچە گېزىتىمىزنىڭ يېرىمىدىن كۆپ قىسمى رۇسچە ۋە كىرىل هەرىپىدە چىقىشقا باشلىدى. چۈنكى بېسىم كۆپچىلىك مۇشتەرىلەرنىڭ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىغىنى ئوقۇيالمىغانلىغىدىن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدى.بۇ هازىرقى رېئال ئەهۋالدىن قارىغاندا توغرا. لېكىن بىز ئاخىرقى هېساپتا بۇرۇنقى كوممۇنىستلارنىڭ ئىنتېرناتسىئونالىزم تۈپەيلى پەيدا بولغان، ئاخىر مىللەتلەرنى بۆلۈپ ئىدارە قىلىپ، پارچىلاپ ژوتۇۋېتىش تاكتىكىسىنىڭ تەسىرىگە بېرىلىپ ئۆز خەلقىمىزنى ئىككىگە بۆلۈپ بىرىنى بىرى چۈشىنەلمەيدىغان، پارچىلىنىپ يوقۇلۇپ كېتىش گىرداۋىغا تېززەك يېتىپ بېرىشنى رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى ئويناۋاتقىنىمىز يوقمۇ نېمە؟ ئەگەر بىز ئانا ۋەتىنىمىزدە ياشاۋاتقان 20 مىللىئوندىن ئارتۇق قېرىنداشلىرىمىز قوللىنىۋاتقان يېزىغىمىزدىن ئاجراپ قالساق كېلەچەك ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ كىم بولۇپ قېلىشىنى ئويلاۋاتامدۇق، يوقمۇ؟ بىز يەنە نەگە كېتىپ بارىمىز؟ هازىر بىزلا ئەمەس ، قازاقستاندىكى زىيالىلىرىمىزمۇ بۇ

قىلماي قوساق ئۈچۈنلا ئىشلەيدىغان، مىللىي غورۇرى يوق، ئۆز خاھىشى بىلەن قۇللۇققا قايىل بولۇپ ياشاشنى ئويلايدىغان، ھېچ نەرسىگە ئېتىۋار قىلماي، ھەممىگە بىپەرۋا قارايدىغان، بىجۇتلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشنى نىيەت قىلىدۇ. ئۇلار ياشلار ئارىسىدا خىتاينىڭ كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، تەرەققىي قىلىۋاتقان چوڭ دۆلەت ئىكەنلىكىنى، خىتاي مىللىي سىياسىتىنىڭ ئادىللىقىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ۋەتەن، مىللەت، ئازاتلىق، مۇستەقىللىق دېگەنگە ئوخشاش خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىك زوراۋانلىقىغا مايىل ئەمەس ئىدىيەسىنى يەنى ئۇچقۇننى ئۆز جايىدا، ئۆز ۋاقتىدا ئۆچۈرۈپ ئۇنىڭ يالقۇنلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تاكتىكىسىدۇر. يۇقۇرىدا ئىزھار قىلىنغان «مەنمۇ ئۇيغۇرمەن. مېنىڭمۇ دۆلىتىم بار. دۆلىتىمنىڭ چېگراسى بار ئېدى. ئارمىيەسى بولغان. ئۇنى خىتايلار بېسىپ ئالدى. مەنمۇ ئىنسان بولۇپ تۇغۇلغان. باشقىلارغا ئوخشاش ئۆز يېرىمىم بىلەن يېزىپ، ئۆزەمنى ئۆزەم باشقۇرۇپ ياشىغىم كېلىدۇ» دەيدىغان ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىپ «بىزنى خىتايلار باشقۇرۇش كېرەك. خىتايلار بولمىسا بىز ياشالمايمىز. تەرەققىي قىلالمايمىز. قوسىغىمىز توق، كىيىمىم پۈتۈن بولسا بولمىدىمۇ، بىزگە ئەركىنلىك دېگەننىڭ نېمە كېرىكى بار» دەپ ئويلايدىغان ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ، ئۆز تارىخىنى بىلمەيدىغان «قولۇلۇق» دېگەن نېمە، نېمە ئۈچۈن موشۇنداق قۇللۇققا چۈشۈپ قالغانلىقىنى چۈشەنمەيدىغان قىلىپ زەھەرلەشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ تەربىيەۋي - تەشۋىقى ئىدىيە ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، ئۆز خوجايىنلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلار كىملەر؟ ئۇلار بىز بىلەن تويى - تۆكۈندە، نەزىر - چىراقلاردا بىللە بولىۋاتقان، بىز بىلەن بىللە مەشرەپ ۋە چايلارنى ئويناۋاتقان، بىزگە ئوخشاش، بىزدىنمۇ چىرايلىق كېلىشكەن ئۆز قېرىنداشلىرىمىزدۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىگى شۇكى ئۇلار مەنسەپنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. پۇل دېسە

# ئۇنىڭ يىلتىزى نەدە؟

كوممۇنىستلار ئەزەلدىنلا ئىدىيەۋىي كۈرەشكە، يەنى ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىش، ئۆز ئىدىيەسىنى باشقىلارغا سىڭدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ھەر قانداق بىر جازالاش ھەرىكىتىنى باشلاشتىن ئىلگىرى ئىدىيەسىنى تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ باردى. ئۇلار دائىم ئىدىيەۋىي كۈرەشنى قۇراللىق كۈرەشتىنمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويدى.

مانا بۇ ئۇلارنىڭ «تىنچ يول بىلەن»،«بىر پاي ئوق چىقارماي» شەھەر ئېلىش تاكتىكىسى ئېدى. ھازىر بىشكەكتە خىتاي تەرەپتىن ئورنىتىلغان تېلېۋىشكىلار ۋە رادىئو ئۇزېللار ئارقىلىق «بۈگۈنكى جۇڭگوغا بىر نەزەر»، «ھازىرقى جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى»، «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقى» ۋە ھاكازى دېگەنگە ئوخشاش تېمىلاردا خىتايدا مەخسۇس ئورتا ئازىيە ئۈچۈن ئىشلەنگەن كۆرسىتىشلەرنى نامايىش قىلىپ، خىتايپەرەست، نامى چىرايلىق، قورچاق بىر نېمىلەر ئارقىلىق خىتايدا ئورتا ئازىيە ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان رەڭلىك گېزىت-ژۇرناللارنى تارقىتىش (بۇنداق گېزىت - ژۇرناللار خىتاينىڭ ئىچكى كىتاپ بازارلىرىدا تارقىتىلمايدۇ) ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. لېكىن خىتاي كوممۇنىستلىرى بۇ ھەرىكەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانائەتلىنەرلىك دەپ ھېساپلىمايدۇ. ئۇلاردا قېدىمدىن قوللىنىپ كەلگەن «ھاررودا توشقان ئالدىغان»، «سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتىدىغان» ئاتا مىراس سىياسىي يول بىلەن يەنىمۇ چوڭقۇرراق ئەمەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز ئاگېنتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئادەملەرنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىنى خىتايغا مايىل قىلىپ ئۆزگەرتىش، مىللىي مۇستەقىللىق دېگەن گەپنى چۈشەنمەيدىغان ھېچ نەرسىنى پەرق

بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ 2 ـ 3 كىشى بىرلىشىپ قۇرۇۋالغان ئىختىسادىي بىرىكمىلىرىنى چىرايلىق ناملار بىلەن يەنى پالانى ـ پوكونى «فوندى» دەپ ئاتاۋېلىپ، ئەنە شۇ «فوندىلىرىنى» ئىتتىپاق قاتارغا قويۇپ قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى نوۋەت بىلەن باشقۇرۇش هوقۇقىنى تەلەپ قىلارمىش. ياق، ئەپەندىم، بەكمۇ چوڭ خىزمەت قىلىپ ئۆز خوجايىنلىرىڭىزنى خوشال قىلىش خام ـ خىيالدا بولۇۋېتىپسىز. «ئىتتىپاق» قىرغىزىستاندىكى 50 مىڭدىن كۆپرەك ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئارقىلىق سايلانغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاممىۋىي ـ سىياسىي جەمىيىتى. سىزنىڭ بولسا تۆرت توك ـ توكنىڭ بىرلىشىپ قۇرغان ئىختىسادىي فىرمىسى. سىزگە شۇنى كېسىپ ئېيتىشنى زۆرۈر دەپ هېساپلايمىزكى سىزلەرنىڭ «فوند» لىرىڭىزنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى باشقۇرىدىغان سالاهىتىمۇ يوق. هوقۇقىمۇ يوق. سىزگە يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر جامائىتىنى باشقۇرۇش لازىم بولۇپ قالدى؟!

خىتايلار هەر خىل يوللار بىلەن ئۆز ئىدىيەسىنى باشقىلارغا سىڭدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئېلىپ باردى. يەنى مەجبۇرى ـ قورقىتىش، زورلۇق قىلىش ئارقىلىق، ئۆز ئىدىيەسىنى باشقىلارغا تېڭىش، ئالداش، پۇل بىلەن سېتىۋېلىش چارىلىرىنى قوللىنىپ كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇهىمى مەنسەپپەرەست شۆهرەتپەرەست، ئۆز ئەۋلادىنى ئۇنتىغان، ژۇندىخورلۇققا ئادەتلەنگەن نجىس خائىنلاردىن پايدىلاندى. بىزگە هازىرقى مىللىي مۇنقەرىز بولۇپ يوقۇلۇپ كېتىش يەنى چوڭ مىللەتنىڭ بىزنى تامامەن ژۇتۇۋېتىش خەۋپى ئاستىدىكى ئېچىنىشلىق، دەهشەتلىك بىر ئۆتكىنچى دەۋردە يەنى جان تىكىپ، پۈت تىرەپ ئۆزىمىزنى مۇداپىيە قىلىشتەك بىر جىددى ۋەزىيەتتە تۇرىۋاتقان چېغىمىزدا، مىللىي مۇناپىقلار بىلەن بولغان چېگارىنى قەتئىي ئايرىپ، ئۇيغۇرنىڭ ياشلىرىنى هەر خىل ئۇسسۇللار بىلەن ئاداشتۇرۇش، ياشلىرىمىزنىڭ مىللىي غورۇرىنى يوق قىلىپ،

«ئانىسىنى سېتىۋېتىشتىن يانمايدۇ». مانا بۇ خىتايلارنىڭ ئۆز قولىمىز بىلەن پۈتىمىزغا پالتا چاپتۇرۇش ھېلى نەيرەڭلىرىنىڭ پەقەت بىر تۇرىدۇر.

بىز ئۆزىمىزنىڭ ۋەتەن داۋايىمىزنى ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا چۇشەندۇرۇپ، سىڭدۇرۇپ مىراس قالدۇرۇشنى نىيەت قىلىمىز. كەلگۈسىدە ۋەتىنىمىزنىڭ چوقۇم ئازات بولىدىغانلىقىغا، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قوتۇلۇپ، ئەركىن ياشاشقا ئىشىنىمىز. چۈنكى جانابى ئاللاھنىڭ «بىر قېتىم خار بولغان ئىنساننى، يەنە بىر قېتىم ئەزىز قىلىمەن» دېگەن ۋەدىسى باردۇر.

ئەزىز ۋەتەنداشلار! بىز خىتاينىڭ قۇدرەتلىك كۈچلۈك، چوڭ دۆلەت ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. شۇنداقلا خىتاي مىللىتى ئىچىدىمۇ، ئادالەتپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر زاتلارنىڭ بارلىقىغا چوقۇم ئىشىنىمىز. شۇنداقلا ھازىرقى دۇنيا 21- ئەسرى - مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئاخىرقى زەنجىرلىرىنى پاچاغلاپ تاشلاپ، ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئەركى بىلەن ياشىشىنى چوقۇم تەمىن قىلىدىغان جەڭگىۋار ئەسىردۇر. مىللىي مۇناپىقلار قانچە چىرايلىق پەدەزلەپ خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىكىنى يوشۇرسىمۇ، بەرىبىر ئاينى ئېتەك بىلەن ياپالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ھېلى - نەيرەڭ ۋە زوراۋانلىقلىرى دۇنيادىكى پۈتۈن ئىنسانلارغا ئايان بولۇشقا باشلىدى. تاجاۋۇزچىلارغا سېتىلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان خائىنلار قانچە قېلىن ۋە رەزگى بولسىمۇ كېلەچەكتە خەلق ئالدىدا چوقۇم رەسۋا - شەرمەندە بولغۇسىدۇر. سەن ھەقىقى ئىنسان بولساڭ، بوزەك قىلىنىۋاتقانلار ئەمەس، بوزەك بولىۋاتقان بىچارە مەزلۇم خەلقىمىز تەرىپىدە تۇرۇشىڭ كېرەك. شۇ چاغدا خەلق سېنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ئۇ مۇناپىقلار كۆرمەيۋاتامدىكىن! شۇڭلاشقا ختاي ياللانمىلىرىنىڭ تەشۋىقاتىغا قۇلاق سالماسلىغىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ۋەتەن سۆيۈش پوزىتسىيەمىزدە چىڭ تۇرىشىمىز لازىمدۇر.

جانابى ئاللاھ «ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېگەن ئىدى.

مەن دوستىمىز شائىر ئابدۇماناپ قاسىمنىڭ «خائىن» دېگەن شېئىرىدىن بىر - ئىككى ئۆزۈندىنى سىلەرگە ھاۋالە قىلىشنى لايىق كۆردۈم.

خائىننىڭ بويىندا تۇمارى بولماس،
كۆز بىلەن كۆرۈپ بولماس،قول بىلەن تۇتۇپ.
ساتماستىن تىنچىماس، كۆڭلى ھېچ تولماس
كىملەرنى بەرمىگەن ئۇ دۈشمەنگە تۇتۇپ.

ئاگاھ بول مىللىتىم كەينىڭدە خائىن!
جەڭگىۋار سېپىڭدە قوينىڭدا خائىن!
پوتوڭنىڭ تېگىدە - ئالدىڭدا خائىن!
«تۇمار» دەپ ئېسىلغان بوينىڭدا خائىن!

ئىدىيەسىنى چىرىكلەشتۈرۈپ، كېلەچەك ۋەتەن داۋايىمىزنىڭ مىراسخورلىرىنى زەھەرلەشكە قەتئى يول قويماسلىغىمىز لازىم. خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ھەزىم قىلىپ يۇتۇۋېتىش، يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن تۈزگەن ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر مەزگىل تىنچ خاتىرجەم ۋەزىيەتنىڭ لازىملىغى ھېچ كىمگە سىر ئەمەس. شۇڭلاشقا موشۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئورۇنلاۋاتقان جاسۇسلىرى ئۈچۈن مىللىئونلاپ پۇل سەرپ قىلىۋاتقانلىغى ھەممە ئادەمگە روشەندۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەشۋىقات - تەرغىبات ئاپپاراتلىرىدىن پايدىلىنىپ، جىېنىنىڭ بارىچە كۆچەپ خىتاينى ماختاشماقتا. راست بىز بىلىمىز خىتاي ناھايىتى چوڭ بىر يېرىم مىللىئارد نەپۇسقا ئىگە قۇدرەتلىك دۆلەت. ئۇ ناھايىتى تېز ئۈچقاندەك تەرەققى قىلىۋاتىدۇ. نۇرغۇنلىغان چىرايلىق قۇرۇلۇشلارنى سالدى، يېڭى - يېڭى شەھەرلەرنى تۆمۈر يولنى ئۇيغۇرستاننىڭ ئىچكى رايونلىرىغا يەتكۈزۈپ كەلدى. بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرستاننى خىتايلاشتۇرۇش، ئۇيغۇرلارنىمىللەت سۈپىتىدە يوق قىلىۋېتىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا نەچچە ئون مىللىئون خىتاي ئاققۇنلىرىنى ئەكىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدى. قالغانلىرىنى ھازىرمۇ جىددي ھالدا داۋاملىق توشىماقتا. بۇنىڭ ھەممىسى راست. لېكىن، ئۇيغۇرستان - مېنىڭ ۋەتىنىم، دەپ قويغانلىغى ئۈچۈن قانچە مىڭلىغان ياشلىرىمىزنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى، مىڭلىغان ياشلىرىمىزنىڭ ناھەق تۈرمىلەردە ئازاپلىنىۋاتقانلىغىنى، بالا تۇغمەن دېگەنلىكى ئۈچۈن مىڭلىغان ئاياللىرىمىزنى جازالاۋاتقانلىغىنى، مانا يېقىندىلا خىتاي ئاياللىرى بىلەن ئوخشاش تەڭ ھوقۇقتا ياشاشنى تەلەپ قىلغان بېگۇنا 600 دىن ئوشۇق ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىپ قاماققا ئېلىنغانلىغىنى، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئاياق ئاستىدا دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىغىنى، يېزىلاردا بىر پارچە نانغا زار قاخشاپ ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان بىچارە

يەپ، تىنچ ژۇرسەتلار بولمامدۇ»، دەيدىكەن دەپ ئەزۋەلەپ كېتىپ باراتتى، كىرگەنلەر «ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ گېپنى يېرىم يولدا قالدۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

تېلېۋىزور مۇخبىرلىرىدىن بىرى: - يېقىندا ئۈرۈمچىدە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى بىلەن چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلدى. سۆھبەتتە ئاۋتونوم رايونلۇق پارتكوم سېكرېتارى لى... «بىز ئۇيغۇرلارغا مۇستەقىللىقتىن باشقا نېمە سورىسا، ھەممىسىنى بېرىمىز» دېدى، دەپ مەغرۇرلىنىپ كەتتى. يەنە بىر ئىنسان: - بىز ھىچ نەرسە قىلالمايمىز. ۋەتەن - ۋەتەن دېگەننىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ. شۇڭلاشقا ئۆزىمىزنىڭمۇ كاللىسىنى ئايلاندۇرماي، خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكرى قىلىپ «ئاللاھ، ئۆزەڭ بىر تەرەپ قىلارسەن»، دەپ ژۇرگىنىمىز ياخشى، دەيدۇ. ئۇنداق بولسا ۋەتەن داۋاسىنى قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقمۇ؟

ئەندى مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى قاراپ كۆرەيلى.

يېقىندا يېشى چوڭ، تەقۋادار ئادەم بىر ئايلىق مۇددەت بىلەن ۋەتەنگە بېرىپ 14 كۈندە قايتىپ چىقىپتۇ. -مەن ۋەتەنگە بارمىساممۇ بوپتىكەن، بارغىنىمغا پۇشايمان قىلىپ قالدىم. غۇلجا شەھرىدە ئالتە - ئالتىدىن ئىككىگە بۆلۈنگەن خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ بىر گرۇپپىسى يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، يەنە بىر گرۇپپىسى يولنىڭ سول تەرىپىدە توختىماي مېڭىپ تۇردىكەن. كەچ سائەت 9دىن كېيىن بىرمۇ كىشىنىڭ مېڭىشىغا رۇخسەت يوق ئېكەن. كۈندۈزلىرىمۇ 4ـ5 دىن توپلىشىپ تۇرغان ئۇيغۇرلار كۆرۈنسە، دەرھال تۇتۇپ ئېلىپ كېتىدىكەن. مېنى چېگرادا نەگە بارىسەن؟ ئۇ كىم؟ نېمەڭ بولىدۇ؟ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭ؟ دەپ سوراق قىلدى. غۇلجىغا بارغاندىن كېيىنمۇ «ئەنچەنچۈي» (دۆلەت بىخەتەرلىك) ئورگىنىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ مەن چۈشكەن ئائىلىدىكىلەرنى تەكشۈرگەندىن تاشقىرى، مېنىمۇ

# ۋەتەن داۋاسىنى كىم قىلىش كېرەك؟

بۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىشتىن بۇرۇن، ۋەتەن داۋاسىنى قىلىش كېرەكمۇ، يوقمۇ؟ دېگەن مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشىمىز زۆرۈر بولسا كېرەك!

يېقىندا بىر سورۇندا، ئۆزىنى مۇتەپەككۇر ھېساپلايدىغان زىيالىلىرىمىزدىن بىرى: قەشقەردىن تارتىپ تا ئۈرۈمچىگىچە يوللارنىڭ ئەينەكتەك چىرايلىق، كەڭ، ئازادە ياسالغانلىغى، ئۈرۈمچىگە ئىلگىرى 3 كۈن يولدا قونۇپ بارسا، ھازىر قونمايلا بىر كۈندە بېرىش ئىمكانىيىتىنىڭ يارىتىلغانلىغىنى، شۇنداقلا يەركەنت، قاغىلىق ناھىيەلىرىگە ئادەم ھەيران قالغىدەك ئۆيلەرنىڭ سېلىنغانلىغىنى، ھەتتا ئالما - ياڭاقلارنىمۇ ساناپ قويغاندەك بىر خىل، ئوخشاش چوڭلۇقتا ئۆستۈرۈپ، يېتىشتۈرۈۋاتقانلىغىنى ۋە باشقا تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى شەرھىيلەپ سۆزلەپ بەردى. يەنە بىر كىشى، جەنۇبى شىنجاڭدا ئۆيغۇرلارغا «ئىشەك بېقىپ بوداڭلار، گۆشىنى سىلەردىن ئېلىپ، ئىچكىرى جىتايغا ئاپىرىپ ساتىمىز. خەنسۇلار ئىشەك گۆشىنى ياخشى كۆرىدۇ»، دەپ تەشۋىقات قىلغان ئىدى. دېھقانلار ئىشەكلىرىنى سەمىرتىپ، گۆشىنى سېتىپ، تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ كەتتى، دېدى. ھېيتلاپ بىر ئۆيگە كىرىپ قالدۇق. ئۆي ئىگىسى (ئايال) يېقىندا ۋەتەنگە بېرىپ كەلگەن ئىكەن. بىزنىڭ كىرىشىمىز بىلەنلا، بىر پىيالە چاي قويماي تۇرۇپ:

- بىز بىلمەيدىكەنمىز، ۋەتەندىكىلەر: «سىلەر ۋەتەن - ۋەتەن، دەپ بىزنى ئارامىمىزچە ياشىغىنى قويمايۋاتىسىلەر. بۇ ياقتا ھەر كىم ئۆز كەسپىنى قىلىپ ياخشى ياشاۋاتىدۇ. مەسىلەن. قوناق تېرىدىغانلار قوناق تېرىپ، ئىشەك باقىدىغانلار ئىشىگىنى بېقىپ، قاسساپ گۆشنى، ناۋاي نېنىنى سېتىپ جان بېقىۋاتىمىز. سىلەر ۋەتەننى ئازات قىلىمىغاندىن كېيىن ... قىسىپ، سىڭگەن پوماڭلارنى

ئوبلوسى»، شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇلغان ئىلى، ئالتاي، چۆچەك قاتارلىق كەڭ زېمىننى «قازاق ئوبلوسى» دەپ بولدى. ئەندى بىر پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش مەسىلىسى قانداق بولار ئېكەن، - دېدى.

يەنە بىرى:

- خىتايلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنى بۆلۈپ ئىرادە قىلىش، پارچىلاپ يوقۇتۇشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ئۇلار مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن نەچچە مىلليون خىتاي ئاققۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېگە بولدى. لېكىن سىياسىي جەھەتتىن مۆلچەرلىگەن ئەسلىي مەقسىتىگە يېتەلمىدى. چۈنكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبەكلەرنىڭ تىلى بىر، يېزىقى بىر، ئۆرپ-ئادىتى بىر، كېلىپ چىقىشىمۇ بىر، ھەتتە دىنى ئېتىقادىمۇ بىر تۈركىي تىللىق قېرىنداش خەلقلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بىر - بىرىنى قېرىنداش دەپ ھېساپلايدىغان، بىر-بىرگە كۆيۈندىغان، ئورتاق دۈشمەنگە بىرلىشىپ قارشى تۇرۇشقا جانلىرىنى پىدا قىلىشقا تەييار مىللەتلەر ئىدى.

ئۇنىڭ جانلىق مىسالى، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىدا پەقەت ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك، تاتارلار بولۇپ قالماستىن، ھەتتا تۇنگان، تاجىك، روس، موڭغۇل، شىۋە قاتارلىق خەلقلەرنىمۇ ئۆز قوشۇنلىرىنى تەشكىللەپ، خىتاي مۇستەملىكچىلەرگە قارشى جەڭ قىلغان ئىدى. شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىمۇ ھەممە مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىرلىشىپ باشقۇرغان ئىدى. دېمەك شەرقىي تۈركىستان ئىسمى - جىسمىغا مۇناسىپ ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئائىلىسىگە ئايلانغان.

ھازىرقى دەۋردە شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەر كىمنىڭ - دوست، كىمنىڭ تارىخي دۈشمەن ئېكەنلىكىنى ياخشى چۈشۈنىدۇ. بولۇپمۇ كېيىنكى ژىللاردا مۇستەقىللىقنى قولىغا

سۆھبەت ئۆتكۈزۈمىز دەپ كۆپ ئاۋارە قىلدى. بارغىنىمغا تويدۇم، - دېدى. يەنە بىر جەنۇبى شىنجاڭدىن چىققان كىشى:

- ئاكا بىز ئۇيغۇرلار تەس كۈندە قالدۇق. قارىساڭ - كۆزۈڭنى ئويىمەن، ماڭساڭ - پۇتۇڭنى، تۇتىساڭ - قولۇڭنى چاپىمەن، دەيدۇ. ئىش ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە خىتايلار. ئۇلارنىڭ مۇئاشى ياخشى. ئۇيغۇرلارغا ئىش يوق. ھازىرقى يېڭى سالغان چىرايلىق ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە خىتايلار ئولتۇرىدۇ. رېستورانلاردا ئويناۋاتقان، ئۇيغۇرلارنىڭ قىزلىرىنى ئوينۇتۇپ قويۇپ تاماشە كۆرۈۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى خىتايلار. بىزنىڭ يۇرتتا بىر بالا ئوقۇشماي «خىتاي» دەپ قويغان ئېكەن، «سەن خەنسۇ دېمىدىڭ، مىللەتچى - بۆزۈق ئۇنسۇر» دەپ تۇتۇپ كەتتى. شىنجاڭدىن ماي، كۆمۈر، تۆمۈر، گۆش، ئاشلىق تۇرماق ياغاچ - كۆتەكلەرنىمۇ توختىماي ئېچكىرىگە توشۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆزلىرىگە لازىم بولغانلىغى ئۈچۈن يوللارنى تازا ياخشى قىلىپ ياساۋەتتى. پويىزد دېگەن بىر بالا بولدى. ھەر كۈنى نەچچە مىڭ يالاڭئاياق خىتايلارنى ئەكىلىپ ئالتە شەھەرگە توشقۇزۇۋەتتى. بىز جاندىن - جاق تويۇپ كەتتۇق، - دەيدۇ.

يېقىندا بىر توپ ئاياللارنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ: «ئەي ئۇلۇغ ئاللاھ، مەزلۇم خەلقىمىزنى خىتاي زالىملىرىنىڭ زۇلۇمىدىن، تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، يورۇقلۇققا چىقىشىغا ئۆزەڭ مەدەت بەرگەيسەن. بىزنى مەڭگۈ ۋەتەنسىز بولۇپ قېلىشىمىزدىن ساقلىغايسەن. بىلىپ - بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىپ، بىزنىڭمۇ ئىنسانلار قاتارىدا ئەركىن ياشىشىمىزنى نەسىپ قىلغايسەن، - دەپ قىلغان دۇئاسىغا داخىل بولۇپ قالدۇق. يېقىندا بىر گۇرۇپپا زىيالىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇلاردىن بىرسى:

- خىتايلار شىنجاڭنى پارچىلاپ بۆلۈپ تاشلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى ئاتۇشنى «قىرغىز ئوبلوسى» دەپ، بۆرتالانى «موڭغۇل

بىز ھەرەمگە كىتىۋاتقاندا جىددى ئايىروپورتىدا بىر پولىستىنلىك قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ قىز كاسسىر بولۇپ ئىشلەيدىكەن. ئۇ قىزدىن:

- سىز ھەرەمگە بارغانمۇ؟ - دەپ سورىدۇق. قىز:

- ياق، - دەپ جاۋاپ بەردى.

- نىمە ئۇچۇن بارمىدىڭىز؟ دەپ سورىساق.

- مىنىڭ ۋەتىنىم دۈشمەن ئاياق- ئاستىدا، مۇستەملىكە بولۇپ تۇرسا، ماڭا ھەج دۇرۇس ئەمەس. ۋەتىنىم تولۇق ئازات بولغاندا ھەجگە بارىمەن، دەپ جاۋاپ بەردى. دىمەك ۋەتەن داۋاسىنى قىلىش بىزگە قەرىز ۋە پەرىز.

مانا ئەندى ئەسلى مۇددىئا، ۋەتەن داۋاسىنى كىم قىلىش كىرەك؟ دىگەن مەسىلە ئۈستىدە توختىلايلى.

ۋەتەن داۋاسى ھەرگىزمۇ بىرەر شەخسىنىڭ يالغۇز ياكى بىر گرۇپپا كىشىلەر بىلەنلا قىلىدىغان ئىش ئەمەس. ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنىمنى مۇنقەرىزلىكتىن قۇتقۇزۇش ئۇچۇن جان دىلىم بىلەن كۆرەش قىلىمەن. بۇ يولدا ھەر قانداق قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بىرىمەن. ھەتتا كىرەك بولسا، ئۆز ھاياتىمنى قۇربان بىرىشكىمۇ تاييارمەن. دەيدىغان قەتئىي ئىرادە ۋە ھەققى ئىمان بولۇشى كىرەك.

ۋەتەن داۋاسىنى ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا داۋاملاشتۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز يەنى ياش ئەۋلاتلىرىمىزغا ۋەتەن مىراسخورلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشىمىز لازىم.

ھەر بىرىمىزنىڭ قەلبىدە ۋەتەن داۋاسىنى قىلىش، دىگەن قەتئىي ئىرادە، ھارماس - چارچىماس غەيرەت بولۇشى لازىم.

دۇنيادا ئىنسانىيەت ئەمەس ھەتتە ھايۋانلارمۇ ئۆز ئەركى بىلەن ياشاشنى خالايدۇ. شۇڭلاشقا بىزنىڭ ۋەتەن داۋاسىنى قىلىشىمىز ئىنسانلارچە ياشاش ئۇچۇن شەرتسىز زۆرۈر ۋە ھاجەتدۇر. ئەندى بۇنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش، قانداق ئۇسۇل بىلەن ئىلىپ

ئېلىپ، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، ئۆز ئەركى بىلەن ياشاۋاتقان ئورتا ئازىيەدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ تەسىرى ئۇلارنىڭ مىللىي غورۇرىنى كۆچەيتمەكتە. ئۇلار خىتايلىشىپ كەتكەندىن كۆرە، ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ياشاشنى ئەلا كۆرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى بەرپا بولسا، ئۇلارنىڭمۇ مىللەت سۈپىتىدە ساقلىنىپ قېلىشىغا ۋە ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن ئەركىن تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك بولىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىدۇ. ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلارنى قان - قېرىندىشىمىز، دەپ ھېساپلايدۇ. دېمەك ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ھېچ قانداق مىللىي زىددىيەت يوقتۇر. خىتايلارنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش كېرەك»، «مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرايلى» دېگىنى سۈنئى ھالدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىغا پىتنە - پاسات سېلىپ، شۇنى بانا قىلىپ ئۇلارنىڭ خىتايلارغا قارشى ئۇمۇمى بىرلەشكەن كۈچكە ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر. يەنى خىتايلاردىن بۆلۈنۈپ چىقىش ئىدىيەسىنى يوقۇتۇش ئۈچۈندۇر - دېدى. يەنە بىر زىيالى: - بىز ئالدى بىلەن باللىرىمىزنى ياخشى ئوقۇتۇشىمىز، مەدەنىي - مائارىپىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك، - دېگەن ئېدى. يەنە بىرى:

- توغرا كىم باللىرىمىزنى ئوقۇتمايلى، مەدەنىي مائارىپىنىڭ كېرىكى يوق» دەپتۇ. گەپ بۇ مەسىلىدە ئەمەس. خىتايلارمۇ «باللىرىڭلارنى ئوقۇتۇڭلار، مەدەنىمائارىپىڭلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇڭلار» دەۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ مىللىي ئاسسىمىلەتسىيە سىياسىتىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ئۇزۇن بىر مۇددەت تىنچ شارائىت لازىم ئىكەنلىگى ھېچ كىمگە سىر ئەمەس. بىز باللىرىمىز يېتىشكەندىن كېيىن ۋەتەن داۋاسىنى قىلىمىز دېسەك، ئۇنىڭغىچە ئۇلار ئۇيغۇرستاننى خىتايلاشتۇرۇپ بولىدۇ، - دېدى.

ئۇچۇن بىزنىڭ ۋەتەن داۋايىمىزغا ئۇمۇتسىز قاراش ھەقىقي مىللەتپەرۋەر ئەمەسلىكىنىڭ ئىنكاسىدۇر.

كىم ئاللاغا چىن قەلبىدە ئىشىنىدىكەن «ئاللاھنىڭ بىر قېتىم خار بولغان بەندىلىرىنى، يەنە بىر قېتىم ئەزىز قىلىمەن» دېگەن ۋەدىسى باردۇر. ئىنشا ئاللاھ بىزنىڭ ۋەتىنىمىز چوقۇم ئازات بولغۇسىدۇر.

بىرىشىمىز لازىم؟ مانا شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيا ئۇيغۇرلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، بىز ئۈچۈن ۋەكىل بولۇپ، خەلق ئارا مەيدانغا چىقىپ، بىزنىڭ دات ـ ئەھۋالىمىزنى دۇنيادىكى ئادالەتپەرۋەر ئىنسانلارغا تونۇشتۇرۇپ، قانۇنىي يول بىلەن مۇستەقىللىقىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقان جەسۇر پەرزەنتلىرىمىزنى ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىمىز لازىم. شۇنداقلا ئۆزلىرىمىز ياشاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىزگە بەرگەن دېموكراتىيە ئىمتىيازلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ۋەتەن داۋاسىنى توختاتماي داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم.

بەزىلەر يۇقۇرىدا ئىزھار قىلىنغاندەك «ۋەتەن داۋاسى دېگەن قۇرۇق گەپ. ئۇنىڭدىن ھېچ نەتىجە چىقماس. خىتايدىن مۇستەقىللىقنى سوراپ ئېلىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇنداق بولسا، خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى مىللەت سۈپىتىدە ژۇتىۋېتىپ، يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋېتىشىغا رازى بولۇپ جىم تۇرۇش لازىممۇ؟ «بالا ژىغلىمىسا، ئانىسى ئەمچەك سالمايدۇ». بىز يالغۇز ئەمەس دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر تىنچلىق يولى بىلەن ئازاتلىقىنى قولغان كەلتۈرىۋاتىدۇ.

دۇنيادا خىتايدىن باشقا چوڭ مۇستەملىكچى دۆلەتلەر قالمىدى دېسەك خاتالاشمايمىز. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنسان ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىش، مۇستەملىكچىلىككە قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ئالغان قانۇنى بار. شۇنداقلا خىتايلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە، پۈتۈن دۇنيانى خىتايلاشتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرىگە يول قويماسلىق ۋە چوڭ دۆلەتلەرنىڭ مەنپىيەت توقۇنۇشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان قارمۇ ـ قارشىلىقلار يۈزىسىدىن پەيدا بولغان زورۇرىيەت دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇر ئازاتلىقىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشنى تەقەزا قىلماقتا. شۇنىڭ

پېتىپ قالىسىز. قۇرئاننىڭ قايسى ئايىتىدە مۇشۇنداق چوڭ نەزىر قىلىڭلار دەپتىكەن؟!

ئىسلامدا نەزىر-چىراق دېگەن گەپ يوق. بۇ پەقەت بىزنىڭ دىنى ئۆرپ-ئادىتىمىز. لېكىن بىزنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىمىز قانداق قىلاتتى؟ ئۇ ئەشۇ ۋاپات بولغان ئەرۋاھقا ئاتاپ، ئازغىنە قويماق ياكى ژىت سېلىپ ئۆز ئارا ئورۇق - تۇغقانلىرى بىلەن ژىغىلىپ قۇرئان ئوقۇپ قوياتتى. ئەرۋاھ پولو يېمەيدۇ. بىز ھازىر شۇنچىلىك چەكتىن چىقىپ كەتتۇقكى ھەتتا بەزىلەر 200 دىن ئوشۇق كىشىلەرنى چاقىرىپ كافىدا بالىسىنىڭ ئىسمىنى قويغان. ئەزىز ۋەتەنداشلار!

ھازىرقى ۋەزىيەتتە بولۇپمۇ بىزنىڭ مۇنداق ھاشامەتلىك نەزىر- چىراقلارنى، داغ-دۇغۇلۇق تويلارنى قىلماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ئازات بولغىنى يوق. بىز ئۇيغۇر خەلقى ۋەتۇالداقدەك نەگە بارسا جاي يوق-جايى يوقنىڭ جانى يوق بولۇپ ياشاۋاتىمىز. بىزدە ھەر بىر ئۇيغۇر مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئىنسان، مېنىڭمۇ ئۆز ۋەتىنىمدە، ئۆز تىلىمدا سۆزلەپ، ئۆز يېزىقىمدا يېزىپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز باشقۇرۇپ ياشىغىم كېلىدۇ، دېگەن قەتئىي ئىرادىنى تىكلىشى كېرەك. ۋەتەن داۋاسىنى قىلىپ، دادىمىزنى ئادالەت پەرۋەر دۇنيا خەلقىگە يەتكۈزۈپ ئىنسانلىق ھوقۇقىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئىشلەۋاتقان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ رەئىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋي ئانىسى رابىيە قادىرنى ماددى- مەنىۋي جەھەتتىن قوللىشىمىز لازىم. مانا شۇ نەزىر ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئىقتىسادىمىزنى مۇشۇ يەرگە يوللىساق ئاللاھ رازى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، شەھىرىمىزدىكى ئىقتىسادي جەھەتتىن تۇرمۇشتىن قېيىلىنىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا ياردەم قىلىشىمىز لازىم.

يېقىندا پوكرووۋكا يېزىسى مەسچىتىنىڭ ئىمامى مەرھۇم ئابدۇكېرىم ھاجىنىڭ بالىلىرى ئۇنىڭ 40 نەزىرسىگە ئاتالغان نەرسىلەرنى (مەرھۇم ئابدۇكېرىم ھاجىم شۇنداق ۋەسىيەت قىلغان ئىكەن) ھەر بىر ئائىلىگە 5 كىلوگرامدىن گۆشنى 40 ئائىلىگە تارقىتىپ بەرگەن. مانا بۇنى بىز ئۈلگە ئېلىشقا تېگىشلىك ئىش

# شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟

بىز يېقىندا ئاغىنىلىرىمىز بىلەن بەس-مۇنازىرە قىلىپ بىرلىككە كەلگەن پىكىرىمىزنى گېزىتىمىز ئارقىلىق ھەر قايسىلىرىڭىزنىڭ ئويلاپ كۆرۈشىڭىزلار ئۈچۈن تەۋسىيە قىلىشنى لايىق تاپتۇق.

ئىسلام دىنىي جانابىي ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلار قەلبىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان نۇرلۇق مەشئەلدۇر. ئۇ ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى پاكلاپ، بىر ئاللاھقا بولغان قەتئىي ئىشەنچىسىنى مۇستەھكەملەيدۇ. ئىسلام دىنىي مۆمىنلەرنى تۈرلۈك يامانلىقلاردىن ۋە ھادىسەلەردىن ساقلايدۇ. كىشىلەرنى مېھرى-شەپقەتلىك، ئادالەتلىك، ئەدەپ-ئەخلاقلىق، پاكىزلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، پاك نىيەتلىك يولغا باشلايدۇ. بىز بىر ئاللاھدىن قورقىمىز، نېمە ئۈچۈن قورقىمىز؟! بىزنى ئاللاھ ياراتقان، يەنە قايتىپ ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىمىز. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بىزگە بۇيرۇغان ناماز، روزا، زاكات، ھەج پەرىزلىرىنى ئادا قىلىپ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرىمىز. دېمەك بىزنىڭ ئاللاھ قىل دېگىنىنى قىلىپ، قىلما دېگەنلىرىنى قىلماسلىقىمىز لازىم. شۇنداق ئىكەن بىز ئۆزىمىزنى بىر تەكشۈرۈپ كۆرەيلى.

جانابى ئاللاھ، ئەي بەندىلىرىم مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمەتلىرىمنى يەڭلار-ئىچىڭلار، بەھرىمەن بولۇڭلار، لېكىن ئىسراپ قىلماڭلار، ئىسراپ قىلساڭلار مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن رىسقىڭلارنى كەمەيتىمەن، دېگەن ئىدى. بىز نېمە قىلىۋاتىمىز: چوڭ كافېلاردا نەچچە يۈزلىگەن كىشىلەرنى چاقىرىپ نەزىر-چىراق ئۆتكۈزىمىز. ئۇنىڭ ئۈچۈن 50 - 40 مىڭ سوم ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ پۇل راسخود قىلىمىز. بۇ يەرگە چاقىرغان ئادەملىرىمىزنىڭ 90% تى قوسىغى توق ھاللىق ئادەملەردۇر. شۇ سەۋەپتىن بەزىدە ئاشنىڭ ئوخشىماي قالغانلىقىدىن يۈزلىگەن تاۋاق پولو، نۇرغۇنلىغان سالات-سەيلەر، بۇزۇلغان پارچە نانلار، كەمپۈتلەر ژۇندا چېلەكلەرگە تۆكۈلۈپ، چوشقا باقىدىغانلارغا بېرىپ سېتىلىدۇ. سىز موشۇ قىلغان نەزىرىڭىز تۈپەيلى ساۋاپ ئېلىشنىڭ ئورنىغا چوڭ گۇناغا

# ۋەتەن داۋاسى مۇستەقىللىق ئۈچۈندۇر!

(«بىزدىكى سىياسىي ساپا ۋە پسىخولوگىيەلىك ئاجىزلىقلار» دېگەن ماۋزۇدىكى ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئالغان تەسىراتلىرىم)

كورەش ئاتاخان ئۆز ماقالىسىدىكى بارلىق پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنى ئۇيغۇرستانلىقلارغا «مۇستەقىللىق»، «ئۇيغۇرستان»، «داھى» دېگەن ئۈچ كەلىمە كىرەك، دەپ يەكۈنلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەشۇ ئۈچ كەلىمە ئۈستىدە ئۆز مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى لايىق تاپتىم.


ئۇ، ماقالىسىدا «ئۇيغۇرستانلىقلار سىياسىي كرىزىس ۋە ئىرقى تەھدىتنى تونۇپ يەتكەچكە مىللىي مۇستەقىللىق يولىنى تاللاپ ئالغان، ئۇنىڭدىن باشقا ئىككىنچى يولىمۇ يوق. بىز تېررىتورىيەسى 1828418 كۋادرات كىلومېتردىن ئاشىدىغان بىر دۆلەتنىڭ دەۋاسىنى قىلىۋاتىمىز. بىز قىلىۋاتقان بۇ دەۋا پەقەتلا كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىنسان ھەقلىرى دەۋاسى بولۇپلا قالماستىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق دەۋاسىدۇر. مۇرەككەپ بولغان خەلقئارا ۋەزىيەت، كۆپ ساناپ ئېيتىپ بېرىۋاتقان تاجاۋۇزچى خىتايلار تەرىپىدىن كېلىۋاتقان مىللىي زۇلۇم، بارلىق ئىنسان ھەق-ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم بولغان ئۇيغۇرستانلىقلارنى يېگانە بىر تەپەككۇر ۋە يېگانە بىر ئىنقىلاپ يولىنى ئىزدەپ تېپىشقا مەجبۇر قىلماقتا. مىللىي ئىنقىلاپ، پەقەت بىر ئىسيان ئەمەس، ياكى پەقەت ھوقۇق - مەنپەئەت قوغلۇشۇشمۇ ئەمەس، ئۇ ئېتنىك - تىل يېزىق، دىن، تارىخ، ئىقتىسادىي باغلىنىشقا ئىگە بولغان خەلقلەرنىڭ دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقوقىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان

دەپ قارايمىز. يېقىندا يىگىت باشلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىلدى. بىز ھەر بىر يىگىت باشلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا كۆز سېلىپ تۇرۇپتىمىز. ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى ئەمەلىيەت بىلەن ئۆلچەيمىز. قايسى مەھەللە باشلىقى ئۆز مەھەللە خەلقىنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولسا، شۇ مەھەللە خەلقى ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالىدۇ، ئۇنىڭ دېگىنىنى بېجا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇق سۆز بىلەن ئەمەس بەلكى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن خەلققە ئۈلگە كۆرسىتىشى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى ئادەملەر ئۆز مەھەللىسىنىڭ ئىمامى ياكى قارىلىرى تۇرسىمۇ نامى ئۇلۇق موللىلارنى چاقىرىپ، جىنازا نامىزىنى چۈشۈرگۈزۈدۇ ۋە نەزىر-چىراقلاردا قۇرئان ئوقۇتىدۇ. بىراق بۇ ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. بۇ بىزنىڭ ئىچىمىزدىن چىققان ياش قارىلارنىڭ ئۆسۈشىگە قىلغان توسقۇنلۇق بولۇپ قالىدۇ. راست قۇرئاننى چىرايلىق ئوقۇش سۈننەت، لېكىن مۇنۇ قارىنىڭ ئوقۇغىنى ئىجابەت بولىدۇ، مونۇ قارى ئوقۇسا ساۋابى تەگمەيدۇ، دېگەن پەتىۋا يوق. شۇڭلاشقا ياشلارنى ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

ھاللىق ئادەملەر مەسچىتلەرنى سېلىۋاتىدۇ. بۇ توغرا بىراق مىللىي مەنپەئەتىمىزگە لازىم ئورۇنلارغا سەرىپ قىلساق، مەسچىت سالغان ساۋاپتىن كام ئەمەس ساۋاپقا ئېرىشكەن بولار ئىدۇق. مەسىلەن، ئۇيغۇرچە ئوقۇتىدىغان بىر مەكتەپ سېلىپ قويساق، مىللىتىمىزنىڭ مۇنقەرىز بولۇپ يوقۇلۇپ كېتىشىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان بولار ئىدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن يالغۇز بىز ئەمەس ئۆتكەن ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ روھلىرى ۋە كېلەچەك ئەۋلاتلىرىمىز رازى بولغان بولار ئىدى.

30مىڭ دىن ئوشۇق مۇنتىزىم ئەرمىيە سى بار دۆلىتىمىز، ھاكىمىيىتىمىز تۇرۇپ خىتاي بىلەن «11بىتىم» تۈزگەن ئىدۇق . گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ بىرسىنىمۇ ئىجرا قىلماي ئۆزلىرى قول قويغان «بىتىمنى» ژىرتىپ تاشلاپ، نۇرغۇنلىغان ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىزنى قىرىپ تاشلىدى .ئاق خىتاي، قىزىل خىتاي ھەممىسى بىر خىتاي . ئۇلارنىڭ بىزگە تۇتقان سىياستى تامامەن ئوخشاش .پەرقى شۇكى گومىنداڭ «شىنجاڭ»غا خىتاي كۆچمەنلىرىنى گوڭسەنداڭدەك ئورۇنلاشتۇرالمىغان ئىدى .كوممۇنىستلار بولسا ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنى مىللەت سۈپىتىدە يوق قىلىۋىتىش ئۈچۈن 100 يىللىق پىلاننى قۇرۇپ كە لدى .چوڭمۇلدەك خىتاي كۆچمە نلىرىنى ياغدۇرۇۋەتتى .پۈتۈن ھاكىمىيەتنى تولۇق قولىغا ئىلىۋالدى .نەچچە مىللىئون ئارمىيە سىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتى .خىتايلارغا ئۇيغۇرلارنى مىللەت سۈپىتىدە ژۇتىۋىتىش پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچ شارائىت كىرەك .شۇڭلاشقا خىتايلار ئۆز ئاگىنتلىرى ئارقىلىق تام كەينىدە تۇرۇپ گوياكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتاينىڭ پىكرى قىلىپ ئالىي ئاۋتونومىيە توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا .خىتاي ئۆزىنىڭ سۆھپەت نىقابى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىل، يىزىغىنى يوقۇتۇش، ئۇيغۇرستانغا 150 مىللىئون خىتاي كۆچمە نلىرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇيغۇرلارنى پارچىلاپ چاڭلاشتۇرۇۋىتىش، توغۇت چەكلەش ئارقىلىق نەسلىنى قۇرۇتۇۋىتىش قاتارلىق قارانىيەتلىك نجس سىياسەتلىرىنى ئەمەللەشتۇرۇش، باش كۆتەرگەنلىرىنى قىرىپ تاشلاش، قالغانلارنى قولللۇققا قايىل قىلىپ تەربىيەلەش، بىشىنى قايدۇرۇپ، قەلبىدىن مىللىي غورورىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوشۇلۇپ كىتىشكە مايىل قىلىش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق قۇرۇق گەپ يالغان سۆھپەتلەرگە مىلىكە قىلىپ ئۆز مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كۆزلىمەكتە. سۆھبەت ئارقىلىق

ھوررىيەتچىلىك ۋە مۇستەقىللىق ھەركىتىدۇر» دەپ تولىمۇ روشەن، ئىلمىي ئاساسقا ئىگە، پەلسەپەۋىي نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.
ئاۋتور ئۇيغۇر خەلقىغە مىللىي مۇستەقىللىقنىڭ ھاۋا بىلەن سۇدەك ھاياتلىق مەنبەئىي ئىكەنلىكىنى ناھايىتى مۇھىم دەلىل - فاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بەردى. مەن تارىخىمىزدا يۈز بەرگەن بىر چوڭ ۋەقەنى ئەسلەپ ئۆتۈشنى ئارتۇقچە بولماس دەپ بەرەز قىلدىم.
بىزنىڭ مەرھۇم ئەخمەتجان ئەپەندى باشلىق رەھبەرلىرىمىز «بىز شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە خائىنلىق قىلمايمىز، ۋەتەن - مىللەت دەپ شېھىت كەتكەن ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ئەقىدىسىگە خىيانەت قىلمايمىز، بىزنىڭ تىلىگىمىز مۇستەقىللىق» دېمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئەزىزجانلىرى قۇربان بولمىغان بولار ئىدى. ئۇلار روس تارىخچىلىرى دېگەندەك - سوۋېت «ك گ ب» سىنىڭ ياللانمىلىرى ئەمەس، ئەكسىچە شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىقى ئۈچۈن قۇربان بولغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ شۇنداقلا ھازىر ھايات بارلىق خەلقىمىزنىڭ تامام ئارزۇسى ۋە ھەقىقىي مۇددىئاسى مۇستەقىللىقتۇر. شۇڭلاشقا ئۇزۇل - كېسىل مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىش ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىش بىزنىڭ ئاساسىي نىشانىمىزدۇر. «ئالىي ئاۋتونومىيە» تەلەپ قىلىش مەقسىتىدە خىتاي بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە كىرىشىش، تەكلىۋىگە ماقۇل بولۇش، دۈشمەنىنىڭ قاپقىنىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن چۈشۈپ بەرگەنلىك بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى خىتايلار ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ. مەسىلەن 1931، 1937، 1945 يىللاردىكى قوزغىلاڭلاردا ماۋزېدۇڭنىڭ تەكلىۋى بىلەن تىبەت، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرى ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش يوللىرى ئارقىلىق مۇستەقىللىق دۆلەتلىرىنى قۇرۇش ھوقوقىغا ئىگە، دېگەن قارار ئېلىنغان. لېكىن خىتاي كوممۇنىستلىرى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن بۇ ۋەدىلىرىنى ئورۇنلىمىدى. 1945 - يىلى ئۇيغۇرستان تېررىتورىيەسىنىڭ 3 دىن 2 قىسمى قولۇمىزدا،




ياسىن ھاجىم نەۋرىلىرى: شاھئاباس، ماھمۇتخانلار بىلەن.


ئۇلارنىڭ سىياسىتى ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق تەرەپكە ئۆزگۈرۈپ قېلىشى مۇمكىن دەپ قاراش ئۆزىنى ئۆزى ئالداش دېمەكتۇر :

1) خىتايلارنىڭ بىز ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆز ئارا سۆھبەتلىشىشۋاتىمىز، بۇ مەسىلە بىزنىڭ ئىچكى مەسىلىمىز، شۇڭلاشقا چەتنىڭ بىزگە ئارىلىشىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئۆز ئارا پۈتۈشۈپ ئالىمىز دەپ دۇنيا جامائەتچىلىگىنىڭ دىققىتىنى باشقا تەرەپكە ئاغدۇرۇپ كۆز بويامچىلىق قىلىشىغا ياردەملىشىش دېمەكتۇر؛

2) ۋەتەن ئىچىدە خەلقىمىزگە بىز سىلەرنىڭ ۋەكىلىڭلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىۋاتىمىز .ئۇلارنىڭ جوڭگودىن ئايرىلىپ كېتىش ئىنكاسى يوق، شۇڭلاشقا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدىغان بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە تېررورىستلار بىلەن قەتئى كۈرەش قىلىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىمىز لازىم، دېگەن خىتاي تەشۋىقاتىغا ئاساس يارىتىپ بېرىش دېمەكتۇر .

3) خىتايلارنىڭ مىللىي مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى قانۇنلارشتۇرۇپ ئەمەللەشتۇرۇشكە زېمىن ھازىرلاپ بېرىش دېمەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇستەقىللىق مەيدانىدا قەتئىي تۇرۇش ئارقىلىق خىتايلار بىلەن دىئالوگ ئېلىپ بېرىش مۇمكىن .

«ئۇيغۇرستان» دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا مەن غۇلجا شەھرىدە چوڭ بولغانمەن. «شەرقىي تۈركىستان» پارتىزانلىرىنىڭ غۇلجا شەھرىدىكى باش ساقچى ئىدارىسىنى، سىلىڭبۇ (باش شتاب) ھەيرەمباغ قاتارلىق ئورۇنلارنى ئازات قىلىش ۋاقتىدا پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ «ھۇررا» تولغانلار قاتارىدا مەنمۇ «ھۇررا» تولىغانمەن. 1945 - يىلى غۇلجا شەھرىدىكى «ۋاڭ قادىر» بېغىدا ئۆتكۈزۈلگەن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇلۇش بايرىمىنى كۆرگەنمەن . شۇ كۈندىكى مىللىي ئارمىيەنىڭ «گاڭدەك چىنىققان ۋەتەن ئوغلى بىز، سالام رەھبىرىمىز ئەخمەتجان» دېگەن مارشلارنى ئېيتىپ باشلىرىدا ئىسپانكا، ئۇستىدە گە لە پى شىم، كۆك تۇجۇركا،



ياسىن هاجىم ئىش ئۈستىدە




سۈرەتتە بىرىنچى رەت، ئوڭدىن سولغا: سىڭلىسى رىسالەتگۈل ھاجىم، ياسىن ھاجىم، جىيەنى ئەلى. ئىككىنچى رەت: ئوغۇللىرى: ئارسلان، ئابابەكرى ۋە توختاخۇنلار



ياسىن هاجىم ئايالى تۇرانقىز بىلەن



ياسىن ھاجىم ئايالى تۇرانقىز ۋە ئۇرۇق- تۇققانلىرى بىلەن (1988)



ياسىن ھاجىم ئىلى دەريا بويىدا. ئىنىلىرى: تۇرسۇنتاي ھاجىم ۋە ئابلەھەت بىلەن (1989)



ياسىن ھاجىم ئايالى تۇرانقىز ۋە ئوغۇل- قىزلىرى بىلەن



ياسىن ھاجىم ئائىلىسى بىلەن (1981)



ياسىن ھاجىم ئىنىسى ئەخمەت ھاجىم بىلەن (ئۈرۈمچى 1988)



سۈرەتتە ئوڭدىن سولغا: تۇرداجى ئابدۇللايېۋ، ياسىن ھاجىم ماھمۇدى،
ياقۇپ ھاجىم ئەلىيېۋ (1983)



ياسن هاجىم. (قرىم- يالتا، 1974)

قوللىرىدا ئاي يۇلتۇزلۇق يېشىل بايراق، ئاياقلىرىدا چىرايلىق قارا شىبلىت كىيگەن ئوغۇل بالىلار، شۇنداقلا كوفتا - يۇبكا، ئاي يۇلتۇزلۇق كاكىرى بار ئىسپانكا كىيىگەن قىزلارنىڭ رەت-رەت شاخماتتەك چىرايلىق قاتار تىزىلىپ، مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ گۈپ - گۈپ دەسسەپ مارش ئېيتىپ پاراتتىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئەسلىسەم پۈتۈن ئەزايىم تىترەپ يىغلاپ كېتىمەن. قېنى ئۇ بىزنىڭ ۋەتىنىمىز، قېنى ئۇ بىزنىڭ پولاتتەك چىنىققان ئارمىيەمىز؟! قېنى ھاۋا رەڭ يېشىل بايرىغىمىز، قېنى قېنى نەگە كەتتى، كىم تارتىپ ئالدى! ئاھ، كاج پەلەك كىملەرگە خار قىلدىڭ بىزنى...» شۇڭلاشقا «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام مېنىڭ قېنىمغا سىڭىپ يۈرىكىمگە ئورناپ، جان بىلەن بىللە چىقىدىغان مەشئەلگە ئايلانغان ئېدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقتىم. ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە ئېكەن. تونۇشۇم ئۆزگۈرۈشكە باشلىدى. ئارلىقتىن ئانچە كۆپ ئۆتمەي مەرھۇم ھاشىر ۋاھىدى ئالمۇتىدىن كېلىپ «ئۇيغۇرستان ئازاتلىق تەشكىلاتىنى» قۇرۇش توغرۇلۇق يىغىن ئۆتكەزدى. ئۇ «شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» ئەمەس «ئۇيغۇرستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبىنى تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇنىڭ سىياسىي جۇغراپىيەلىك يەرنىڭ نامى بولۇپ بىر مىللەتنىڭ نامى ئەمەس، شۇڭلاشقا بىز ئاتا-بوۋىمىزدىن تارتىپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئەينە شۇ زېمىننىڭ ئەسلى ئېگىلىرى بولغان مىللىتىمىزنىڭ ئۇيغۇر دېگەن شەرەپلىك نامى بىلەن ئاتىشىمىز لازىم. كېرەك بولسا «شەرقىي تۈركىستان» دېگەندىن ھازىرقى خىتاينىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى» دېگىنى ياخشىراق، دېگەن ئېدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ھاشىر ۋاھىدىنىڭ ئېيتقانلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلىك كۈنلەردە روشەن ئىسپاتلاندى. غۇلجا شەھىردە خىتايلار تىنىچ نامايىشقا چىققان قولىدا ساپالىنىڭمۇ سۇنىغى يوق بېگۇنا ياشلارنى



سۈرەتتە: بىرىنچى رەت ئوڭدىن سولغا: ئىلى بىلىم يۇرتىنىڭ مۇئەللىمى ئابدۇكېرىم قادىرى، مەھەممەت سېيىت. ئىككىنچى رەت: ئاكىسى مەمتىمىنباي، ياسىن ھاجىم (1959)

بىزنىڭ تارىختىكى تەجرىبە ساۋاقلىرىمىزنى يەكۈنلىيەلمىگەنلىكىمىزدىن بۇگۈنگە قەدەر ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنقىلاپلىرىمىز نەتىجىسىز ئاخىرلاشتى. توغرا «ئۇيغۇرستان» دېگەنلىك «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامنى ھەرگىزمۇ چەتكە قاقمايدۇ. «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام دەيدۇ كۆرەش ئاتاخان : «سىياسىي ۋە جۇغراپىيەلىك نام بولۇپ تارىختا تار ۋە كەڭ مەنىلەرنى ئالغىلىپ كېلىۋاتىدۇ .ئۇنىڭ بۈگۈنكى خەتەر ئاستىدا قالغان ئۇيغۇردەك بىر مەزلۇم مىللەتنىڭ سىياسىي تەغدىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىن، تۈرك دۇنياسىنىڭ بىرلىكى بىلەن تېخىمۇ ئالاقىسى كۈچلۈك .شەرقىي تۈركىستان دېگەن ئىسىم بىلەن ئەسىرلەردىن بېرى ئۆز خەلقىنىڭ ھۆرلىكى ئۈچۈن ئالدىنقى قاتاردا قان كېچىپ كۆرەش قىلىۋاتقان ئۇيغۇردىن ئىبارەت بىر ئېتنىك توپلۇق نامى يوقۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ .بۇ يەردە ئېگىلىك ھوقوقى يۈرگۈزۈشكە ھەممىدىن بەكىرەك شەرتى توشۇدىغان بىر مىللەتنىڭ نامى بىلەن ئاتالمىغاندا مىللىي ھەرىكىتىمىز قۇلايلىق غەلىبە قىلالمايدۇ.

ھازىرقى خەلقئارا ۋەزىيەتتە تۈرك دۇنياسىنىڭ بىرلىكى ئەمەس ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلىغىمىزنى ساقلاپ قېلىش مۇھىم .شۇنىڭ ئۈچۈن «ئۇيغۇرستان» دەپ ئاتاش تولىمۇ مۇۋاپىق ئىسىم دەپ ئىزاھلايدۇ .

بۇ ھەقتە مەرھۇم شائىرىمىز سابىت ئابدۇراخمانوۋمۇ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرنامە» دېگەن كىتاۋىدا ۋە ياسىن كۆك بۆرىنىڭ «ئازاپلانغان يۈرەك ئاۋازى» دېگەن كىتاۋىدا ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك چۈشەنچە بېرىدۇ .دەر ھەقىقەت ھازىر ئۆز مۇستەقىللىغىنى قولغا ئالغان ئوتتا ئاسىيەدىكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك، تۈركمەن ۋە ئەزەربەيدجان قاتارلىق قېرىنداشلىرىمىز مەملىكىتىنىڭ نامىنى ئۆز مىللىتىنىڭ نامى بىلەن ئاتىماقتا .تېخى ھېچ كىم «غەربىي تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇ توغرۇلۇق ئويلىشىپمۇ كۆرگىنى يوق .بۇ نام ئۇلارنىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە تامامەن زىت ئېكەنلىكىنى ھېس قىلىشىدۇ .بىزنىڭ

قىرىپ تاشلىسا، تۈركىيە ھۆكۈمىتى جاللات جاڭ زېمىننىڭ مە
يدىسىگە ئالتۇندىن مېدال تاقاپ قويدى. تېخى يېقىندىلا
تاجىكىستاندا قولغا ئېلىنغان ئۈچ نەپەر ئۇيغۇرنىڭ تولۇق
ھوقۇقلىرى تۈركىيە گراژدانى ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا
ئېتىۋار قىلماي تاجىكىستاننىڭ خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى
بىلىپ تۇرۇپمۇ ئېگىدارچىلىق قىلمىدى. ئۇندىن باشقا تۈركىي
تىللىق قان قېرىنداش دۆلەتلەرمۇ 5 - ئىيۇل قانلىق ۋاقەسىدە 10
مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنى بېگۇنا قىرىپ تاشلىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ
ھېچ بولمىغاندا بىر ئېغىز خالىس سۆز قىلىپ قويۇشقا يارىمىدى. ھە
تتا باش پاناھىمىز دەپ چىققان قېرىنداشلىرىمىزنى خىتايغا تۇتۇپ
بېرىپ ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەپ بولدى. بىزگىمۇ «5 - ئىيۇل
قانلىق ۋەقەسى » مۇناسىۋىتى بىلەن نامايىشقا چىقىش تۇرماق،
خاتىرە يىغىن ئۆتكۈزۈشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلدى. مېنىڭ مۇنداق
دېگىنىم ھەرگىزمۇ ئۇلاردىن رەنجىگەنلىكىم ئۈچۈن ئەمەس، ئەكسىنچە
ئۆزىمىزنىڭ ئاق كۆڭۈل، نادانلىقىمىزدىن تېخىچە ئەشۇ بىزنىڭ
ئىشلىرىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولىۋاتقان «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن
نامغا يېپىشىۋالغانلىقىمىزغا ئەپسۇسلاندىم. قىسقىسى كۆرەش ئاتاخان
دېگەندەك «ئۇيغۇرستان» دېگەن سۆز 21 - ئەسىردە مىللىي
ئىنقىلاۋىمىزغا ھاۋادەك ئېھتىياجلىق تۇرۇپ يەنىلا ئەينى دەۋرنىڭ مە
ھسۇلى بولغان، دۈشمەنلەر تۇرماق ھەتتا مەركىزىي ئاسىيادىكى
قانداش خەلقلەرنىمۇ بىئارام قىلىدىغان «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن
ئاتالغۇ بىزنىڭ ئىككى قېتىملىق زور ئىنقىلاۋىمىزنىڭ مەغلۇبىيەت
بىلەن ئاياقلىشىغا سەۋەپ بولغانلىقى ھازىرقى كۈندە ھېچ كىمگە سىر
ئەمەس بولۇپ قالغان تۇرسىمۇ، يەنىلا ئەشۇ نامغا
ئېسىلىۋالغانلىقىمىزغا ھەيران بولدۇم. بۇ ھەقتە شائىر
مۇزەپپەرخان قۇربانىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان پاجىئەسى» دېگەن
ماقالىسىدا ناھايىتى روشەن مىساللار كەلتۈرگەن ئىدى.

تۇغۇلغاندا باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ قۇربان بەرمەسلىك، ئىككىلىنىش، دىلىغۇل بولۇش، دۈشمەندىن رەھىم- شەپقەت كۈتۈش قاتارلىق كېسەللەر سەۋەبىدىن بولدى» دەپ جۇرئەتلىك ھالدا بىزدىكى نۇقسانلارنى ئېچىپ تاشلىدى .

دەر ھەقىقەت داھىي ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، ئۇنى ئىنقىلاپ تاۋلاپ، خەلق يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ .كۆرەش ئاتاخان «مەنىۋي ئانىمىز رابىيە قادىر، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزدىكى تولىمۇ تەسلىكتە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەڭگۈشتەرلىرىمىزنىڭ بىرى .ئەگەر مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ غەلىبىسىنى خەلقئارا كۈچلەرنىڭ ياردىمىسىز قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، دەپ قاراش خاتا بولمىسا، ئۇ ھالدا «ئۇيغۇرستان» دەۋاسى ئۈچۈن رابىيە قادىردەك بىر شەخسنىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىغا باھا بەرمەك قىيىن ئەمەس»، دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتتى .دېمىسىمۇ بۈگۈنكە قەدەر رابىيە خانىمدەك ئۇيغۇرلانى دۇنياغا تونۇتقان بىرەر رەھبەرنى تېخى ئاڭلاپ باقمىغان ئېدۇق .بىز خىتايلار بىلەن ئۇچۇق ئاشكارە كۆرەشكەن، خىتاي زۇلۇمىنى ئۆزى تارتقان، خىتاي مىجەزىنى تولۇق چۈشىنىدىغان، ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن، مال - مۈلكى، بالا- چاقىسىنى قۇربان قىلىپ، كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىققان رابىيە قادىر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ باتۇر، ئەڭ زىرەك، ئەڭ مەرت، ئەقىللىق توغما قەھرىمان پەرزەنتى، بىزنىڭ ۋەتەن دەۋايىمىز ئۈچۈن ئاللاھ بەرگەن تېپىلغۇسىز داھىمىز دەپ ھېساپلايمىز .

«بىز مەركىزىي تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ۋە خەلقئارا مەشھۇر لىدېرلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى تولۇق قىلالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆز ئارا ۋە باشقىلار تەرىپىدىن تولۇق قەدىرلەنمەيۋاتىمىز، بىر ياۋايى مىللەتچىلىكمۇ نوپوزىمىزنى قوغدىيالمايۋاتىمىز .شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ مىللىي خاراكتېرىمىزدىكى باش باشتاقلىق، مەمەدانلىق، ھاكۋاقتىلىق، گالۋاڭلىق، تەكەببۇرلۇق روھىي غالبىيە تچىلىك،

ئىلگىرىكى ئىنقىلاپلىرىمىزدا «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىگە مۇۋاپىق توغرا ئىدى. لېكىن شۇ زامانىدىمۇ پۈتۈن دۇنيا تۈركلىرىنىڭ بىرلىكى مەناسىنى بىلدۈرىدىغان بۇ ئاتالغۇ ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق چوڭ دۆلەتلەرگە، بولۇپمۇ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە پۈتۈنلەي ياقماس ئىدى. شۇڭلاشقا روسلار بىزنىڭ ئىككى قېتىم قۇرغان «شەرقىي تۈركىستان» نامىدىكى دۆلەتلىرىمىزنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋەتتى. ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ ئەشۇ كۆز قاراشلىرى ئۆزگەرگىنى يوق. ئۇلار پۈتۈن دۇنيا تۈركلىرىنىڭ بىرلىشىشىنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتتە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى دەپ مۇزاكىرە قىلىش تامامەن مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

توغرا ۋەتىنىمىزنىڭ دۆلەت نامىنى ۋەتەن ئازات بولغاندىن كېيىن ۋەتەندىكى خەلقىمىز ئۆزى بەلگىلەيدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن بىزنىڭ ھازىرقى ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەتەن دەۋايىمىزدا «ئۇيغۇرستان» دېگەن نام ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان، تارىخ مۇئايىيەنلەشتۈرگەن ئاتا بوۋىمىزدىن قالغان، ئەۋلادىمىزنىڭ قان بەدىلىگە قالغان شەرەپلىك نامىمىز ئۇيغۇرستان. «ئۇيغۇرستان» يالغۇز ئۇيغۇرلارغىلا ئەمەس بارلىق ئۇيغۇرستانلىقلارغا باش پاناھ بولغۇسىدۇر ۋە شا پائەت قىلغۇسىدۇر، بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئائىلىسىدۇر.

ئىنىمىز كۆرەش ئاتاخان «بىزنىڭ 200 يىلدىن بېرى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنقىلابى ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ كېتىۋاتقانلىقى بىزنىڭ تەشكىلاتلىنالماسلىق، ئۆزىمىزنى كەمسىتىش، مىللىي ئىنقىلاۋىمىزنىڭ ھەقىقىي يېتەكچىلىرىنى يېتىم قالدۇرۇش، ھە دېسە ئۇلاردىن قۇسۇر ئىزدەش، ئۆز رولىنى جارى قىلماي ئۇنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان خىزمەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، سەۋىرسىزلىك، ئاقساقاللىق قىلىش، ھەممە ئىشقا چېپىلىۋېلىش، جىددىي پەيتلەردە ئۇلارنى قوغدىماسلىق، ئىختىياج

كېيىن ئىسىم قويىدىغان ۋەتەنمۇ يوق، ئۆز ئارا بىر-بىرىمىزگە دۈشمەن بولىدىغان ئۇيغۇرمۇ يوق، مۇقەددەس دىنىمىز ئىسلاممۇ يوق بولىدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتتى. بىزنى، مىللەتنى جىددىي قۇتقۇزۇپ قېلىشتەك ئېغىر ۋە شەرەپلىك ۋەزىپە كۈتۈپ تۇرماقتا. بىز ھەممىمىز بىر نىيەتكە كېلىپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، دۈشمەندىن ھېچ قورقماي، مەزلۇم مىللىتىمىزنى ئەجدىھارنىڭ ژۇتۇۋېتىشىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى خىتايلارغا ئىشىنىش تامامەن مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار بىلەن بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق بىرەر نەتىجىگە ئېرىشىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. خىتايلار ئۆزى بىلگەننى قىلىۋېرىدۇ. بىز تۇرماق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ گېپىگىمۇ قۇلاق سالمايدۇ. ھەتتا باشقا مەملىكەتلەردىنمۇ خىتاي مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن سىياسەت يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلماقتا. شۇنداقلا نۇرغۇن مۇھىم خەلقئارا تەشكىلاتلارغىمۇ ئەزا بولۇپ كىرمىدى. كۈرەش ئاتاخان «بىزنىڭ ۋەتەن مۇنقەرىز بولۇپ قىلىشتەك تىراگېدىيەگە دۇچار بولۇپ قىلىشىمىز، ئۆزىمىزدىن ئۆزگىنى چوڭ بىلىشتىن، ئۆز ئىچىمىزدىن يېتىشىپ چىققان ھۆكۈمدارلارغا باش ئېگىشتىن، ياتلارغا قۇل بولۇشنى ئەلا بىلىدىغان تەسلىمچىلىك خاراكتېرىمىزدىن كېلىپ چىقتى» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتتى.

شۇنداقلا ئۇ خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا مۇستەقىللىق تۇرماق ئاددىي ئەقەللى ئىنسان ھەقلىرى دائىرىسى ئىچىدىكى ئۆز ئەركى بىلەن ياشاش ھوقوقىنىمۇ بەرمەيدىغانلىقى ھەممىمىزگە بەش قولدەك ئايان. ئۇنداق بولسا، نېمە ئىش قىلىشىمىز كېرەك؟ دېگەن سوئالغا «بىر مىللەتنىڭ تارىخىدا شۇ مىللەتنىڭ ئار - نومۇسىغا، شان-شەرىپىگە ۋە ئىززەت - نەپسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر سىنىپ يېتىشىپ چىققان بولىدۇ. ئۇلار ياخشى يامان كۈنلەردە خەلقنىڭ، ۋەتە

خىيالپەرەسلىك، تاماخورلۇق، يالغانچىلىق، تەقدىرچىلىك ۋە گۇرۇھۋازلىق قاتارلىق نۇقسانلىرىمىزنى تۈزۈتىشىمىز لازىم» دەيدۇ كۈرەش ئاتاخان .شۇڭلاشقا بىز رابىيە خانىمنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇش، ئۇنى قوللاپ قۇۋۋەتلەش، ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، ئىش جەريانىدا كامچىلىق ئۆتۈلۈپ قالسا، ئۇنىڭغا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ياردەم قىلىش، ئۇنى قوغداش، ئۇنىڭ ئابرويى - ئېتىبارىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق ئىش ھەرىكەتتىن ساقلىنىشىمىز لازىم .بۇ ھېچ قانداق شەخسكە چوقۇنۇش بولماستىن ئەكسىچە ئىنقىلاپ زورۇرىيىتىدىن كېلىپ چىققان بىر شەخسنىڭ ئابروينى تىكلەش ئارقىلىق ئىنقىلاپ غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈندۇر. پۈتۈن ئۇيغۇرستان خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدى مۇستەقىللىق - تۆمۈر قەپەزگە چۈشۈپ قالغان خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ قۇتۇلۇشىغا سىلەرنىڭ ياردەم قىلىشىڭلارنى ئۈمۈت قىلىدۇ .شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆز قوشۇنىنى تازىلاپ ئالدىمىزدا كېلىۋاتقان ھەل قىلغۇچى جەڭگىۋار كۈنلەرنى تەنترىمەي كۈتۈپ ئالىدىغان، شەخسى غەرەزسىز پولاتتەك ئۇيۇشقان، مىللەت يولىدا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان، قەتئى ئىرادىلىك قورقۇق گەپ، قورقۇق خىيال قىلمايدىغان، كىشىلەرنى تەبىقەلەرگە بۆلمەي ئۇيۇشتۇرۇشنى بىلىدىغان جەڭگىۋار بىر تەشكىلاتقا ئايلاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمىز . بىز دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدىكى بەزى رەھبەرلىرىمىزنىڭ خىتاي جاسۇسلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇق- تۇققان ۋە دوستلۇق ئالاقىلىرىدىن قاتتىق تەشۋىشلىنىمىز.

ئەزىز ۋەتەنداشلار !بىزنىڭ مىللىتىمىز، مىللەت سۈپىتىدە يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپى ئاستىدا تۇرىدۇ . كۈرەش ئاتاخان «بىز ئەڭ ئاددىي ئىچكى مەسىلىلىرىمىزنى باتۇرلۇق بىلەن ئىنتايىن تېزلىكتە ھەل قىلمىساق دەۋرىگە، رىئاللىققا قاراپ ئىش تۇتمىساق يەنە 50 يىلدىن

# بىزگە پەقەت ئەركىنلىك كېرەك

يېقىندىن بېرى گېزىتىمىزنىڭ سەھىپىلىرىدە بېسىلغان، ھەممىگە تونۇلغان، مەشھۇر يازغۇچىلىرىمىزدىن ئۆمەر ئەختەمنىڭ «ئۇيغۇرلاردا ئانا تەربىيەسى ۋە ئانىلارنىڭ ساپاسى»، ئابدۇقادىر جالالىدىنىنىڭ «بىزگە قانداق ئانىلار كېرەك»، يالقۇن روزىنىڭ «بىزگە قانداق دادىلار كېرەك» دېگەن ماقالىلىرىنى زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتۇق .مەزكۇر ماقالىلاردا كۆرسىتىلگەن فاكتلار، دەلىل ـ ئىسپاتلار ناھايىتى ئورۇنلۇق بولۇپ ھازىرقى ئۇيغۇر جەمىيىتىدىكى ھاياتلىقنىڭ ھەقىقى كۆرۈنىشى ۋە رېئال مەۋجۇدىيىتىدۇر .شۇڭلاشقا بۇ ماقالىلار ئۈستىدە يەنە بىر قېتىم تە پسىلى چۈشە ندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ھېساپلايمەن .لېكىن مەزكۇر ماقالىلارنىڭ مۇئەللىپلىرىنىڭ ئۇيغۇر جەمىيىتى ئەزەلدىنلا شۇنداق ئىدىمۇ؟ ھازىر نېمە ئۈچۈن موشۇ ھالەتكە كېلىپ قالدى؟ ئۇنىڭ بۇزۇلىشىغا سەۋەب نېمە؟ ئۇنىڭ مەنبە يى نەدە؟ ئۇنىڭغا كىم جاۋاپكەر؟ ئۇنداق بولسا قانداق قىلغاندا دۇنيادىكى باشقا ئىلغار مىللە تلەردەك ياكى ئەزەلدىكى ئۇيغۇر جەمىيىتىدە قېلىپلاشقان، ئىلمي، ئەخلاقى، ئالي مەدەنىي پەزىلەتلىرىنى ھازىرقى زامان تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئۆز ئەكسىگە كە لتۈرگىلى بولامدۇ؟ دېگەن سوئاللارغا تولۇق جاۋاپ يازمىغانلىقى ھېچ كىمگە سىر ئەمەس . مەن موشۇ ماقالەم ئارقىلىق ئاشۇ ماقالىلەرنىڭ ئاۋتورلىرى بىزنىڭ سۆيۈملۈك، تالانتلىق، ۋەتە نپەرۋەر، چىن مەنادىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا ژۇرەك قەلبىمدىن چىققان قېرىنداشلىق مېھرى مۇھەببىتىمنى، ئالىي ھورمەت ئېھتىرامىمنى ئىزھار قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن .چۈنكى، بىز ۋەتەن

نىنىڭ ئار - نومۇسى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. بىزدە ئۇ سىنىپنىڭ رولىنى ئېلىۋاتقان بىر قوشۇن بار. ئۇنى كۈچەيتىشىمىز، قەدرى قىممىتىنى قىلىشىمىز، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشىمىز، بېھودىلىق قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئۇلار تارىخنى، تارىخ ئۇلارنى يارىتىدۇ. بۇ سىنىپ ۋەتىنى، مىللىتى ئۈچۈن جېنىدىن، مېلىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان، ۋەتەن - مىللەت يولىدا ئەسكەرىي، سىياسىي، دىنىي، ئىلمىي ئىختىسادىي ۋە مەنىۋىي تەرەپلەردىن پىداكارلىق بىلەن ئىزدىنىپ شۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ كۆرەش ئاتاخان.

بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز «جاندىن كەچمىگۈنچە جانانىغا يەتكىلى بولمايدۇ» دېگەن ئەمەسمىدى. ئۇيغۇرستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە «ئۇيغۇرستانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللا بۇرۇن ئىشتىراك قىلدى. تېخىچە ئىشتىراك قىلمىغانلارنى بولسا، تاجاۋۇزچىلار تەرىپىدىن ئۇزاققا قالدۇرماي ئىشتىراك قىلدۇرىدۇ. ئۇيغۇرستان بىلەن خىتاي دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا ھامان ئوتتۇرىغا چىقماي قالالمايدىغان بۇ ئاقىۋەت بىز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ھەرىكەتنىڭ، ئىستىقبالىنىڭ تولىمۇ پارلاق بولىدىغانلىقى بەش قولدەك ئايان بولماقتا. شۇڭا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ يۈرىكى پوكۇلداشقا باشلىدى» دەپ ئاگاھلاندۇردى كۆرەش ئاتاخان.

«ئاينى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمايدۇ» شۇڭلاشقا بىز ئەشۇ جەڭگىۋار كۆنلەرنى تەنتىرەي كۈتۈپ ئېلىش ئۈچۈن ۋەتىنىمىزنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى، خەلقئارادىكى بىزگە پايدىلىق ۋەزىيەت ۋە قېرىنداش خەلقلەرنىڭ قانداشلىق مېھرى مۇھەببەتلىرى ۋە ئۇلۇق ئىسلام دىنىمىزنىڭ مەدەتكارلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ۋەتەن دەۋايىمىز ئۈچۈن مۇكەممەل تەييارلىق قىلىشىمىز لازىم. تەغدىرىمىز ئۆز قولىمىزدا ئەزىز ۋەتەنداشلار!

داتخور، داڭداز - پوچى، ئورۇشقاق، قورۇق گەپچى، مەمەدان، بېكار تەلەپ، ئاقنانچى، ساتقۇن، پىتنىخورلار كۆپ چىقىشقا باشلىغىنى 250 يىلدىن سەل ئاشتى .بولۇپمۇ كېيىنكى 60 يىلدا بۇ لەنتى ئىپلاس ئەسكىلىكلەرنى تېخىمۇ رىۋاجلاندۇرۇپ، قوتۇر ئىشتىنىڭ قوتۇرى ژۇققاندەك ئومۇمى يۈزلۈك خەلقىمىزنىڭ ئىچىگە تارقىتىپ، پىسە نىت قىلمايدىغان ئادەتتىكى بىر ئىشقا ئايلاندۇرۇۋەتتى .بۇ نىجىس ئىپلاسلىقلار كىمدىن، نەدىن ژۇقتى، ئەزەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى قانداق ئېدى؟ شۇنى ئۇزۇل - كېسىل ئېيتىش كېرەككى خەلقىمىز مۇندىن ئىلگىرى ژۇقۇرىدا ئىزھار قىلىنغان ئىپلاسلىقلار تۇرماق، ھەتتا ھاراق ئىچىشنى، تاماكا چېكىشنىمۇ بىلمەتتى .ساتقۇنلۇق، خايىنلىق قىلىش بىزنىڭ تەبىيىتىمىزگە يات ئىشلار ئېدى .بىز ئەدەپ - ئەخلاق، ھايا - نومۇس، مەرتلىك - مەردانىلىق، جەگگۇارلىق، مېھرى - مۇھەببەت، ئاق كۆڭۈل، ھۆنەر - كەسىپلىك، ئىجاتكار خە لىق ئېدۇق .قاچان بىزنىڭ زىمىنىمىزگە جاللات زو - زۇڭتاڭنىڭ قەدىمى يەتتى، شۇ كۈندىن باشلاپ بىزنىڭ ۋەتىمىزنىڭ ھاۋاسى، سۈيى، خەلقىمىزنىڭ مىجەز - خۇلقى بۇزۇلۇشقا باشلىدى . ھەر قانداق بىر مىللەت ئۆز دۆلىتىنىڭ قانۇنىنى ئەشۇ مەملىكە تىنىڭ تۈپلىك ئېگىسى بولغان مىللەتنىڭ پسىخولوگىيە سىگە مۇۋاپىق تۈزۈپ چىقىدۇ .شۇڭلاشقا ھۆكۈمران مىللەتنىڭ پسىخولوگىيە سى ئەشۇ دۆلەتتە ياشاۋاتقان بارلىق خەلققە ئۆز تە سىرىنى كۆرسىتىدۇ .مانا شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي مىللىتىدىكى سەلبىي ھادىسىلەر خىتاي جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغان بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى خەلقلەرگە خۇددىي ئاق كۆينە ككە تۇرخۇندىن چىققان مايلىق قارا خورۇمدەك تېز ژۇقۇپ كەتتى. خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ تۇتقان يولىدا مېڭىپ ژۇقۇرىدىكى بىزگە يات ئەسكىلىكلەرنى تېخىمۇ

ئىچىدىكى ئەھۋال بىلەن ۋەتەن سىرتىدىكى مۇھىتنىڭ ئاسمانۇ - زىمىن پەرقى بارلىغىنى ياخشى چۈشىنىمىز. شۇڭلاشقا مەزكۇر ماقالەم ئارقىلىق ژۇقۇرىدىكى مۇئەللىپلەرنىڭ تولۇق چۈشەندۈرۈشىگە ۋاقىت ئىمكانىيەتلىرى تۈپەيلى يېزىلماي قالغان يەرلىرىنى بىر ئاز بولسىمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ روشەن تولۇقلاپ چۈشۈنۈپ ئېلىشىغا ياردىمى بولارمىكىن دېگەن ئۈمۈت بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

ھەممىمىزگە مەلۇم ئۇيغۇرلار قاراخانىلار دۆلىتى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى، ياركەندخانلىغى قاتارلىق دۆلەتلەرنى قۇرۇپ دۇنياغا تونۇلغان، دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئۆزىنىڭ ھەسسىنى قوشقان، ئىككى قېتىم شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ دۇنياغا تونۇلغان خەلقدۇر. ئۇيغۇر ئانىلىرى ئەينى زاماندىكى ماھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر ناۋايى قاتارلىك داڭلىق مەشھۇر ئالىم - مۇتەپەككۇرلەرنى، سابىت داموللام، ئابدۇقادىر داموللام، غوجا نىياز ھاجىم، ماھمۇت سىجاڭ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق دۆلەت ئەرباپلىرىنى، سادىر پالۋان، كىچىك ئاخۇن، غېنى باتۇر كەبى قەيسەر - قەھرىمانلارنى، شۇنداقلا پۈتۈن ئالەمگە مەشھۇر ئىپارخان، مايىمخان، گۈلنىسا، نازۇگۇم قاتارلىق جەسۇر - جەڭگىۋار قىزلارنى تۇغقانمۇ ئەشۇ ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىدى. يېقىنقى زاماندىمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابلىز مەخسۇم، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مەمەت ئىمىن، زوردۇن سابىر قاتارلىق يۈزلىگەن ۋەتەنپەرۋەر، مىللەت سۆيەر ئوغلانلارنى تۇغقانلارمۇ يەنە شۇ ئاياللار. غۇلجا فېۋرال ۋاقەسىدە، 5- ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىدە مەرتلەرچە قۇربان بولۇپ شېھىت كەتكەنلەرنىمۇ ئۇيغۇر ئانىلىرى تەۋەللۇت قىلغان. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇسكى بىزنىڭ ئىچىمىزدىن هاراقكەش، قىماۋاز، ئوغرى، سولامچى، سۇخەنچى، ھەسەتخور،

بالاسغا مۇپتىلا بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى مىللىي ئەركىنلىكتىن باشقا ھېچ نەرسىنى تارتمايدۇ ۋە خالىمايدۇ.

ئەزىز قېرىنداشلار !بىز ئۆز غېمىمىزنى ئۆزۈمىز قىلمىساق بىز ئۈچۈن قايغۇرىدىغان ئىنسانلار دۇنيادا يوق .ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈنلا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى كارتا قىلىپ ئويناشنى ئويلايدۇ، خالاس .شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بېشىمىزنى بىر سىلكىۋېتىپ ژۇقۇرىدىكى ماقالىلاردا كۆرسىتىلگەن ئاشۇ نۇقسانلارنى قەتئىي تۈگەتمەي تۇرۇپ ئۆز ئەركىنلىكىمىزنى قولغا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىمىز روشەندۇر. شۇڭلاشقا ھەممىمىز ھوشيار بولۇپ 7 ياشتىن 90 ياشقىچە، ئەر-ئايال دېمەستىن - بىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئىنسانغو، بىز نېمە ئۈچۈن باشقىلارغا ئوخشاش ئۆز ئەركىمىز بىلەن ياشاش ھوقۇقىمىزدىن مەھرۇم بولۇپ قالدۇق؟ ئەندى مېنىڭ نېمە قىلىشىم كېرەك؟ قانداق قىلغاندا ئىنسان قاتارى ياشاش ئىمتىيازىغا ئىگە بولالايمىز؟ - دېگەن ئويغا كەلگەندە يەنى خۇددى يېۋرېيلارغا ئوخشاش بارلىق ئەقىل پاراستىنى، كۈچ غەيرىتىنى، ئىقتىسادى بايلىقىنى مىللەتنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى دۇنيا خەلقلىرىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن ھەر قانداق قېيىنچىلىقلاردىن قورقماي ھەممە بىر نىيەتتە جان پىدالىق بىلەن ئالغا باسايلى، دېگەن قارارغا كەلگەندە جانابى ئاللا تائالا بىزگە مەدەت ۋە كۈچ قۇۋۋەت بېرىدۇ، ئىنشائاللاھ !ئۆز تەقدىرىمىز ئۆز قولىمىزدا، بىزگە پەقەت ئەركىنلىك كېرەك !

ئەزىز قېرىنداشلىرىم، مىللەتنىڭ تەغدىرى ئۈستىدە ئويلىنىش ئۆزىنى ئۇيغۇرمەن دەپ ھېساپلايدىغان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئاللا تائالا ئالدىدىكى قەرىزىدۇر .

رىۋاجلاندۇرۇپ ئۇيغۇرلارنى مىللەت سۈپىتىدە يوق قىلىشنىڭ ئەڭ ئوڭۇشلۇق چارىسى دەپ پايدىلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار ئاغىزىدا بۇ ئىشلارغا يول قويمايمىز، دېسىمۇ يەر ئاستىدىن ئۆز ئاگېنتلىرى ئارقىلىق بۇ ئىشلارنىڭ كەڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى ئۈچۈن شارايىت ھازىرلاپ بەرمەكتە. بۇنىڭ مىساللىرى :مەسىلەن، ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى پاھىشەخانىلارغا ئالداپ ئاپىرىپ، سولاپ بېرىۋاتقانلارنى، خېرويىن ئەكىلىپ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىدا تارقىتىۋاتقانلارنى، 80 گرادۇسلۇق ھاراقلارنى ئىشلەپ چىقىرىۋاتقانلارنى، قىمارخانە - جالاپخانىلارنى ئېچىۋاتقانلارنى ھۆكۈمەت بىلمەمدۇ؟ دېمەك ئەنە شۇنداق ئىپلاس نىجىس ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارغا يول قويىۋاتقانلار يەنىلا خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ رەھبەرىي كادىرلىرى ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟ !دېمەك پاراخورلۇق قىلىپ بېيىپ كېتىۋاتقانلار، ئەنە شۇ خىتاي كوممۇنىستلىرىدۇر .شۇڭلاشقا ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتىنى قاتتىق چەكلەپ ئۆزلىرىنىڭ رەزىل قارانىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياشلارنى ئاتېيىزىملىق روھدا تەربىيەلەپ ئىسلامىيەت يولىدىن چىقىرىپ ئۇيغۇرلارنى خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىنىشنى نىشان قىلماقتا .بۇ ئىشلار خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋېتىپ زېمىن بۇشىتىشى ئۈچۈن قوللىنىۋاتقان قارانىيەتلىك سىياسەتلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى، مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ- ئادىتىنى يوقۇتۇش، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ سانىنى جىددىي كۆپەيتىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى ژۇتىۋېتىش ئاساسىي مۇددىئاسىدۇر .شۇڭلاشقا خەلقىمىز قانداق قىلىپ موشۇ كىرىزىستىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى تاپالمىغانلىقتىن، ئاچچىقنى ھاراقتىن ئېلىپ، كەيپىنى قىمار بىلەن پاھىشىدىن سورىدىغان يامان يولىغا كىرىپ قالدى .خەلقىمىز روھىي چۈشكۈنلۈك

دەستىرخاندىن كەنپۇت، ئالما قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ يانچۇققا سېلىۋالماسلىق، كېسەللەردىن ھال سورىغاندا ئۇلارغا «قانداق قىلىمىز، ئەللىك - موللا دېمەي ئىلاجىمىز يوق، بۇ قېرىلىقنىڭ ئالامىتى. ئاللاھتىن كېلىۋاتقان خەۋەرلەر» دېگەنگە ئوخشاش بېمەنە سۆزلەرنى قىلماي، «ئاللاھ بۇيرىسا ياخشى بولۇپ كېتىسىز، چىرايىڭىز ياخشى» دېگەندەك يۇمشاق گەپلەرنى قىلىپ، بېمارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويۇش. يوقسۇلارغا ياردەم قىلغىنىڭىزدا «ئۇلۇغ قولىڭىز بىلەن بەرگىنىڭىزنى سول قولىڭىز كۆرمىسۇن»، «مەن پالانچىغا مۇنداق نەرسە بەردىم» دەپ ماختانماسلىق، مىننەت قىلماسلىق. كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە ئوچۇق چىراي، سىلىق ۋە سەمىمىي سۆزلەش. سۆھبەتدىشىڭىزنىڭ دىلىغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلىپ، رەنجىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «كۆپ تاماق يېگەن، كۆپ سۆزلىگەن، كۆپ ئۇخلىغان ئادەملەر ئەقىلسىز كىشىلەردۇر» دېگەن. ئۇ يەنە شۇنداقلا «نەپسى ئاۋاگەرچىلىك شەيتاننىڭ خۇلقىدۇر» دېگەن ئىدى.

ئىككىنچىدىن، ئاياللارنى ھۆرمەتلەش. ئاياللار ھەر بىر ئائىلىدە كام بولسا بولمايدىغان مۆجىزىدۇر. بۇ يەردە ئالدى بىلەن بىر نەرسىنى ئەسلەپ ئۆتىشنى توغرا دەپ ئويلۇدۇم. بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ياشىنىپ قالغان قېرى ئېكەنلىكىنى سەزمەيدىغان بولساق كېرەك. مەسىلەن، ئاياللار يولدا كېتىۋېتىپ، ياكى بىر جايدا ئولتۇرغان بولسا، چوڭلارنى كۆرۈپ قالغاندا كۈلۈمسىرەپ، ئوچۇق چىراي سالاملىشىدۇ. لېكىن بۇنى ھېلىقى يەكپاي قېرى «كۆردۇڭلارمۇ، ماڭا جىلۋە قىلىۋاتىدۇ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ھەي، ھاماقەت، ئۇ ئاياللار سېنىڭ بىلەن بىزنى قېرى بوۋايلار دەپ ھۆرمەت قىلىشى يۈزىسىدىن شۇنداق قىلدى. ئەگەر سېنىڭ موشۇ قارا نىيىتىڭنى بىلىپ قالسا، يۈزۈڭگە تۈكۈرۈۋېتىپ كېتىپ قالاتتى.

# ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدا بەزى پىكىرلەر

ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك مەدەنىيەت تارىخى جەريانىدا پەيدا بولۇپ، تەدرىجى مۇكەممەلەشكەن ۋە قېلىپلاشقان ئۆزىگە خاس ئەخلاقى سۈپىتى بولىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەت بىلەن ئەخلاق بىر ـ بىرىدىن ئاجرالمايدىغان بىر پۈتۈن نەرسە بولۇپ، ئۇ ھەر بىر مىللەتنىڭ قانچىلىك مەدەنىيەتلىك تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى رېئال تۇرمۇشتىكى ئىپادىلىرى ئارقىلىق ئۆلچەيدىغان مىزاندۇر. قىسقىچە ئېيتقاندا، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ جۇھەرىدۇر. شۇڭلاشقا بىزنىڭ خەلقىمىز ھەر بىر ئادەمنىڭ سالاھىتىنى ئەشۇ ئادەمنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى بىلەن ئۆلچەيدۇ. بۇ ئەخلاق ئىمانى كامىللىق دىنىي ئېتىقادىمىز بىلەن ئېخمۇ مۇستەھكەم مۇكەممەلىشىپ، باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرىقلىنىپ تۇرىدىغان مىللىي مۇجۇزىگە ئايلانغاندۇر.

ئۇنداق بولسا، ئەخلاق كۈندۈلۈك جەمىيەت ھاياتىغا ئۆز تەسىرىنى قانداق كۆرسىتىدۇ؟

بىرىنچىدىن، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشتا، كىسەللەردىن ھال ھوراش، يوقسۇلارغا ياردەم قولىنى سوزۇش، كىشلەر بىلەن سىلىق ۋە سەممىي مۇئەمىلە قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، يول ماڭغاندا چوڭلارنىڭ ئالدىغا ئۆتىۋالماسلىق، چوڭلار ئولتارغان جايدا تەرتىپ بىلەن يەكتىز، ياكى چازا كۈرۈپ ئولتۇرۇش، يانپاشلاپ يېتىۋالماسلىق، تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇۋالماسلىق، كۆپ سۆزلەپ كەتمەسلىك، ئەدەپسىز چاقچاق قىلماسلىق، چوڭلار دەستىرخانغا قول سالمىغىچە، دەستىرخانغا قول ئۇزۇتماسلىق، تاماكا چەكمەسلىك، ساھىبخان تەكلىپ قىلمىغىچە تەخىر قىلىپ ئولتۇرۇش، دۇئا قىلمىغىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەسلىك،

تۆرتىنچىدىن، دوستلار بىلەن مۇئامىلىدە. ئالدى بىلەن ئۆزەڭگە كۆپىرەك تەلەپچان بولۇشىڭ لازىم. مەن نېمە ئىش قىلدىم، نېمە قىلىشىم كېرەك، نېمە ئۈچۈن باشقىلار مېنىڭدىن ئۆزىنى تارتىپ قالدى؟ - دېگەندەك ئۆزىڭگە - ئۆزى ھېساپ بېرىپ تۇرۇشى كېرەك. كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغاندا «بىر باپلىدىم»، «ھەجەپ دەسسىتىۋالدىم»، دەيدىغان شەخسىيەتچىلىك، ئالدامچىلىق، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەنپەئەت ئېلىشقا ئوخشاش ساختا دوستلۇق سېنى باشقىلارنىڭ نەزەرىدىن چەتكە چىقىرىپ قويىدۇ. سېنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ سەندىن ئەقىللىقرەك -زېرەك كىشىلەر بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالىنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويمىغىن. ھەممىگە ئوخشاش بىردەك ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئادەتلەنگىن.

بەشىنچى، ئاياللار كىيىمى ھەققىدە.

ئاياللارنىڭ ئۆزىگە يارىشىملىق قىلىپ پاكىز كىيىنىپ، ئۆزىنى، قاش - كۆزىنى ياساپ، چىرايلىق ژۇرىشىگە ئادەتلەنگەنلىكى تولىمۇ ياخشى ئىشتۇر. بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز «ئاناڭنى داداڭغا پەدەزسىز كۆرسەتمە» دېگەن. لېكىن، ھەممە نەرسىنىڭ چېكى باردۇر. مەسىلەن، بەزى ياشلار، بولۇپمۇ ياشلار كۆكرىكىنىڭ يېرىمىنى ئوچۇق قويۇپ، ساغرىسىنى چىقىرىپ، قوسىقىنىڭ بىر قىسمىنى ياپماي، قىسقا كوفتا، كالتە ئىشتان كىيىۋېلىشى، كوفتىسىنىڭ چۆرىسىگە شىلدىرما تەقىۋېلىپ، ھىندىچە ئۇسسۇل ئويناشنى، چاچلىرىنى ھەر خىل رەڭدە بوياپ، چېچىنى كۆزىنىڭ يېرىمىغىچە ساڭگىلىتىپ قويۇپ، رۇسچە ئاشىق - مەشۇقلەرنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

قەدىرلىك قىزلىرىم! ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئۆلچىمى بولىدۇ. سىز ياخشى كۆرگەن يېۋروپىلىقلارچە يۈرۈش - تۇرۇش ۋە كىيىنىشنى بىزنىڭ خەلقىمىز - ئەخلاقسىزلىق،

ئەندى بەزىلەرنىڭ ئائىلىسىدە جىدەل - ماجرا توگىمەيدۇ. ئۇنىڭ سەۋەپلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ گۇمانخورلىغىدۇر. ئۇنداق كىشىلەر ھەر قانداق ئادەمدىن كۇنلەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇرۇشۇپ قالغان ھامان ئايالىنى «سەن بۇزۇق» دەپ تىللايدۇ. توغرا، بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزدا «ئاياللارنى كۇنلىمىگەن كىشى ئىمانى كامىل مۇسۇلمان ئەمەستۇر» دېگەن. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن «قولى بىلەن تۇتۇپ ئالماي تۇرۇپ ئايالىنى بۇزۇق» دەپ تىللىسا، ئايالى ئۇنىڭ ئەمرىدىن جۇدا بولۇپ كېتىدۇ، دېيىلگەن. يەنە شۇنداقلا ئاياللار ئەرلەرنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن پەيدا بولغان، شۇنىڭ ئۇچۇن «ئۇنى تۇزىتىمەن دەپ ئاۋارە بولماي ئۇز مەيلىگە قويۇپ بېرىڭلار» دېگەن. بۇ، ئاياللارنى تۇزەتكىلى بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇ ناھايىتى نازۇك ئىنسان، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ بىلەن سىلىق، چىرايلىق، يۇمشاق مۇئامىلە قىلغىن، چۇنكى سېنىڭ ئاناڭمۇ ئەشۇنداق ئايال بولغان، دېگەنلىكتۇر.

ئۇچىنچى، باللار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە. سېنىڭ بالاڭ، سېنىڭ گەپ - سۆزىڭنى، مېڭىش - تۇرۇشىڭنى، كىشىلەر بىلەن بولىدىغان مۇئامىلەڭنى، قىسقىسى بارلىق ھەرىكەتلىرىڭنى تەكشۇرۇپ تۇرىدىغان نازارەتچىدۇر. سەن نېمە قىلساڭ شۇنى قىلىدىغان بولۇپ چىقىدۇ. مەسىلەن، سەن ھاراق ئىچسەڭ - بالاڭمۇ ھاراقكەش، تاماكا چەكسەڭ - بالاڭ بەڭگى، تولا سۆزلىسەڭ - بالاڭمۇ كاسكا، قىمار ئوينىساڭ - بالاڭ قىمارۋاز، ئۇرۇشقاق بولساڭ - بالاڭمۇ لۆكچەك بولىدۇ. ئوغرى بولساڭ - بالاڭمۇ ئوغۇرلۇق قىلىدۇ. سېنىڭ ھەممە ئىشىڭ باللار ئۇچۇن ئۆرنەكتۇر. شۇڭلاشقا، ئەخلاقىي تەربىيەنى ئۆزەڭدىن باشلىشىڭ كېرەك، نەسىھەتتىن تولاراق ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتىڭ ئارقىلىق باللىرىڭغا تەسىر كۆرسىتىشىڭ كېرەك.

مىللىي فورمىسىدۇر. شۇڭلاشقا، سەن بىشىڭغا دايىم دوپا كىيىپ ژۇرۇشكە ئادەتلەنگىن. سەن بىشىڭغا، ئۆزەڭنىڭ مىللىي دوپپاڭنى كىيىپ ژۇرسەڭ، سىنى ياخشى هۆرمەت قىلىدۇ. چۈنكى، سەن بىشىڭغا ئۆز مىللىي دوپپاڭنى كىيىۋىلىش ئارقىلىق كۆپ مىللەتلىك قىرغىزستاندا، هەممە مىللەتلەرنىڭ تەڭ باراۋەر، بىرلىك - ئىتتىپاقلىقتا، ئەركىن ياشاۋاتقانلىغىنى نامايەن قىلغان بولىسەن.

سەككىزىنچى، چاچ-ساقال قويۇشتا. چاچنى ئۆستۇرۇپ، يەلكىسىگىچە تۇرۇپ،قوللىرىغا ئىككى - ئۈچ ئۈزۈك تاقاپ، هەتتا چاچلىرىنى ئۆرۈپ يۇرۇش، ئاياللارچە كىيىنىۋىلىپ يۇرۇش ئارتىستلارغا خاش ئىشتۇر. ئارتىستلار ئەركەكچە ۋە ئاياللارچە رولنىمۇ ئوخشاشلا مۇۋەپەققىيەتلىك ئورۇنلاپ چىقالايدۇ. سىز ئارتىست ئەمەسقۇ؟! شۇڭلاشقا، ئۆزىڭىزگە يارىشىدىغان دەرىجىدە چاچ - ساقال قويۇپ، سۇپەتلىك يۇرۇشكە ئادەتلىنىڭ. هەر نەرسىنىڭ ئۆز ۋاقتى بولىدۇ. ئۇلۇق شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپ «يىللارغا جاۋاپ» شىئىرىدا: «يىللار سىخى قۇرۇق كەلمەيدۇ، ئەكىلىپ بىرىدۇ، قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال» - دەپ يازغان ئىدى. يىشىڭىز 60 دىن ئاشقاندا ئۆز لايىغىدا ساقال - بۇرۇت قويۇپ يۇرشىنىڭ يامىنى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇرۇنقى بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ساقال - بۇرۇتسىز يۇرەلمەتتى. ئۆز ئەنئەنلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قىلىش ياخشى ئەمەستۇر، ئەلۋەتتە.

قەدىرلىك دوستلار! مانا موشۇ ئىنسانلاردىكى ئەدەپ - ئەخلاق ناهايىتى مۇهىم مەسىلە. بۇ توغرىدا قەلەم تەۋرىتىشكە مىنىڭ قۇدرىتىم يەتمىسىمۇ، دەسلەپكى قەدەمدە خەلقىمىزنىڭ ئويلۇنۇپ كۆرىشىگە تۇرتكە بولامدىكىن دىگەن نىيەتتە مەزكۇر ماقالىنى يىزىشقا جۇرئەت قىلدىم. هەر بىر خەلقنىڭ مىللىي پسىخولوگىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مىللىي ئۇرپ-ئادىتى، دىنىي ئىتىقاتى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ۋە دۇنياۋىي كۆز قارىشى بىلەن

بىباھالىق، دەپ ھېساپلايدۇ. ھايا بار جايدا ئامان بار. كىيىم كىيىش، يۈرۈش - تۇرۇشنىڭ ھەممىسى ھايا - نامۇس بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇيغۇر يىگىتلىرى قىزلارنىڭ ياخشى - يامانلىغىنى، ئۇلارنىڭ نومۇسلۇق ياكى نومۇسزلىغى بىلەن ئۆلچەيدۇ. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ياخشى ئەخلاق يۈرۈش - تۇرۇشىڭىز بىلەن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىڭىزگە جەلىپ قىلالايسىز. ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بېشىدا دوپپا، چاچلىرى چىرايلىق تارالغان، ئۆزىگە يارىشىملىق كىيىملىرىنى كىيىۋالغان، نازۇك، خۇش چىراي، يۈرۈشلىرى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى لال قىلغانلىغىنى كىم بىلمەيدۇ. ھايا - نومۇس ئارقىلىق ئىنسان قەدر - قىممەتكە، ئابروي - ئېتىۋارغا سازاۋەر بولىدۇ.

ئالتىنچى، ئادەملەر بىلەن مۇئامىلىدە. بىرەر كىشىدىن قەرىز ئالساڭ، ئۇنىڭ قەرەلىدە بېرىۋېتىشكە ئادەتلەنگىن. يالغان ئېيتىپ ۋاقتىنى سوزساڭ، ساڭا قەرىز بېرىپ قويغان كىشىنى پۇشايمان قىلدۇرۇپ قويىسەن، قەرىزىڭنى تۆلىمەي ئۆلۈپ كەتسەڭ، سېنىڭ قەرىزىڭنى باشقا بىرسى ئۆز ئۈستىگە ئالمىغىچە نامىزىڭنى چۈشەرمەيدۇ. چۈنكى سېنىڭ باشقا گۇناھلىرىڭنى ئاللاھ مەغپىرەت قىلىشى مۇمكىن. لېكىن، بىرەر كىشىگە قەرىزدار بولساڭ، ئەشۇ ئادەمنى رازى قىلمىغىچە سېنىڭ گۇناھىڭنى ئاللاھ كەچۈرمەيدۇ. مابادا، سېنىڭ بىرەر كىشىدىن ئېلىشىڭ بولسا، ئۇنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تەخىر قىلىپ تۇرغىن. كىشىلەر بار جايدا ئۇنىڭ يۈزىگە سالما، خىجالەت قىلما، يامان سۆزلەرنى قىلىپ، تىللاپ، ئۇنى رەجىتمە، كەڭ قورساق - مەرت بولغىن. قىلغان ياخشىلىقلارنىڭ ساۋابىغا مۇيەسسەر بولىسەن.

يەتتىنچى، كىيىم - كېچەك كىيىشتە. ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىرەر كىيىمى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر - ئۆزبەكلەرنىڭ دوپپىسى، قازاق - قىرغىزلارنىڭ قالپىغى ئۇلارنىڭ

ئۆتكەندىن كېيىن مەلۇم تارىخى سەۋەپلەر بىلەن ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى قولدىن چىقىرىپ قويغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز قەھرىمانلىرىمىز ئىسسىق قانلىرىنى تۆكۈپ، ئەزىز جانلىرىنى قۇربان قىلىپ، قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى» ، غۇلجىدا مۇستەقىل «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى» قۇرۇشقا مۇيەسسەر بولغان ئىدى. بۇ دۆلەتلەرمۇ بىر قانچە يىل ئۆمۈر سۈرۈپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. مۇنداق بولۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەۋى: بىزنىڭ زىمىنىمىزنىڭ مول بايلىقى، ئىككى چوڭ ئىمپېرىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغانلىقىمىز، قۇدرەتلىك چوڭ مەملىكەتلەرنىڭ ئۆز مىللىي مەنپىيەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن پايدىلىنىپ ئوينايدىغان قارتىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىمىز، ئۆزىمىزدە قۇرال - ياراق ئىشلەپ چىقىرالايدىغان ھەربىي سانائەت بازىلىرىمىزنىڭ يوقلىقى، ئۆز ئىچىمىزدە پىشىپ يېتىلگەن سەياسىي، ھەربىي رەھبەرلەرنىڭ يوقلىقى، رۇسلارنىڭ ياللانمىسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىمىز قاتارلىق ئەھۋاللار سەۋەپ بولغان بولسىمۇ، يەنە بىر مۇھىمى، بىزنىڭ ئىچىمىزدىن ساتقۇنلارنىڭ كۆپ چىققانلىقىدۇر. مىسال ئۈچۈن، ئۇيغۇرستانغا دەسلەپكى چەت ئەللىكلەرنى باشلاپ چىققانلارمۇ ئەنە شۇ ساتقۇنلار ئىدى. قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللامنى ئۆلتۈرگەن، لۇتپۇللا مۇتەللىپنى جادۇغا بېسىپ ئۆلتۈرۈشكە سەۋەپ بولغان، ئاتۇشلۇق كىچىك ئاخۇن تەشكىلاتىنى پاش قىلىپ، پوتونسۇرۇك ئىنقلابىي قوشۇنىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان، تۆمۈر خەلپە، غوجا نىياز ھاجىملارنى تۇتۇپ بەرگەن، شەرقىي تۈركىستان ئارمىيەسىگە زور زىيان يەتكۈزگەن، راخمانوۋ ئىنقلابىي تەشكىلاتىنى پاش قىلغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي مەنپىئەتىگە ئورنىنى تولتۇرۇپ بولمايدىغان زىيانلارنى سالغان ئەنە شۇ ساتقۇنلاردۇر. ئۇلار يالغۇز تارىختىلا ئەمەس، ھازىرقى كۈندە بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپرەك (ۋەتەن ئىچىدە بولسۇن، ۋەتەن سىرتىدا

چەمبەرچەس باغلانغا مىللىي ئەخلاقى سۈپىتى بولىدۇ. مەن بۇ ماقالەمدە كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان بەزى بىر ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالدىم. مىللىتىمىزنىڭ دۇنياغا كۆز قارىشى، ۋەتەن ـ مىللەت، سۆيۈش ئەخلاقى پەزىلەتلىرى ئۈستىدە ئايرىمماقالىلار يېزىلىشلىرى لازىم. كۆپچىلىكنىڭ موشۇ ھەقتە مۇنازىرە قىلىپ، خاتا يەرلىرىنى تۈزۈتۈپ، كام جايلىرىنى تولۇقلاپ، ھەممىمىزنىڭ ئورتاق چۈشەنچىلىرىنى بەرپا قىلىشنى ئۈمۈت قىلىمەن. ئاللاھ مەدەت قىلسۇن، ئامىن!

بىز ژۇقىرىدا ھەر بىر مىللەتنىڭ مىللىي پسىخولوگىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك ئۆزىگە خاس ئاھلاقى سۈپىتى بولىدۇ دېدۇق. شۇنداق ئېكەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي غورۇرى مىللەت سۆيۈش ئېڭى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىمىزدىكى رېئال كۆرۈنىشى قانداق؟ بۇ مەسىلە ئۈستىدە كۆپچىلىكنىڭ چوڭقۇرىراق ئويلۇشۇپ، ئۆزىمىزگە تەدبىقلەپ كۆرۈشلىرىنى تەۋسىيە قىلار ئېدىم.

بىز ئالدى بىلەن ئۆتمۈش تارىخىمىزغا ئازغىنە بىر نەزەر تاشلىساق ھازىرقى مىللىي پسىخولوگىيەمىزنىڭ نەقەدەر ئۆزگۆرۈپ كەتكەنلىگىنى سېزىپ ئالغان بولار ئېدۇق. ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ مىللەت سۆيۈش ئېڭى قانچىلىك دەرىجىدە ئېدى. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىنلا باشقىلارغا بېقىندى بولۇپ ياشاپ كەلگەنمۇ؟ نېمە سەۋەپلەر بىلەن مۇستەقىللىقىدىن ئايرىلىپ قالغان؟ مىللىي ئازاتلىق كۆرەشلىرى قانداق سەۋەپلەر تۇپەيلى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان؟ نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئىچىمىزدىن مىللىي مۇناپىقلار كۆپ چىقىدۇ؟ ئۇلارنىڭ سالغان زىيانلىرى قايسى دەرىجىدە بولدى؟

بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز قاراخانىيلار خانلىغى، ئىدىقوت ئۇيغۇر خانلىغى، ياركەنت خانلىغى قاتارلىق پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ داڭ چىقارغان. ئۇزۇن مۇددەتلەر

2. ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتالمايدىغان، ياكى ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى ئاڭلاشنى خالىمايدىغان بولغاندا؛

3. ئۇيغۇر سەنئىتىنى بىلمەيدىغان، ياكى ياقتۇرمايدىغان بولغاندا؛

4. ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇر تارىخىنى بىلمەيدىغان، ياكى ئۇنى بىلىشنى خالىمايدىغانلار كۆپەيگەندە:

5. ئاتا - ئانىلىرى بالىلىرىنىڭ ئۆز ئۆيىدە چەت تىللاردا سۆزلىگەنلىرىدىن پەخىرلىنىدىغان، ئۇلارغا ئۆز تىلىنىمۇ ئۆگىتىشنىڭ لازىملىقى توغرىسىدا ئويلىمايدىغان، مىللىتىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن قايغۇرمايدىغان بولغاندا مىللەت سۈپىتىدە يوقىلىپ كېتىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

ئەندى بىز ئەشۇ ئۆلچەمگە ئۆزىمىزنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى. بىزنىڭ ياشلىرىمىز ئۆز ئارا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشنى بىلمەيدۇ. كۆپ قىسىم ياشلار ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى خالىمايدۇ. رۇسچە سۆزلەشكەننى «قالتىس» بىر پەزىلەت دەپ ھېساپلايدۇ. ئۇيغۇرچە خەت يازالمايدۇ ۋە ئوقۇمايدۇ. توي - تۆكۈن، ئولتۇرۇشلاردا قانداقتۇر بىر مىللەتلەرنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇيغۇر سەنئىتىگە قىزىقمايدۇ. ئۇيغۇر تارىخىنى پەقەتلا بىلمەيدۇ. ئاتا - ئانىلىرى ئۆز ئۆيىدىمۇ بالىلىرى بىلەن رۇسچە سۆزلىشىشنى شەرەپلىك دەپ ھېساپلايدۇ. ھېچ بولمىغاندا ھەر بىر سۆزگە بىر جۈملە رۇسچە قوشۇپ سۆزلەشنى ئەلا كۆرىدۇ. مىللەتنىڭ كېلەچىكى توغرىسىدا قىلچىلىكمۇ - باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ. قىسقىسى، مىللىي غۇرۇرى، مىللىي روھى تامام يوقالغان دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ.

«بىزنىڭ مىللىي پسىخولوگىيەمىزنىڭ ئۆزگۈرۈپ، ئەخلاقىمىزنىڭ شۇ دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كېتىشىگە نېمە سەۋەپ بولدى ؟ ئۇنىڭغا ۋەتەن ئىچىدە خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى مىللەت سۈپىتىدە

بولسۇن). خەلقىمىزنىڭ دۈشمەنلىرىگە خىزمەت قىلماقتا. بۇ بىر توپ كىشىلەردىكى ئىمانىنىڭ ۋە مىللىي غۇرۇرۇنىڭ يوقلىغى، ئىنسانىيى ئەخلاقىنىڭ تامامەن بۇزۇلغانلىغى تۈپەيلىدىن بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقىمىزدىكى مىللىي روھ ھىسسىياتىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىدۇر. بىز كىمدۇر بىرسىنىڭ ئاشكارە ساتقۇنلۇق قىلىپ يۈرگىنىنى بىلىپ تۇرساقمۇ، ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن ئاپپاق - چاپاق بولۇپ كېتىمىز. مىللىي مەنپىئەتىمىزگە قانچىلىك زىيان سېلىۋاتقانلىغى بىلەن كارىمىز يوق. بەزى يالغان ۋەتەنپەرۋەر كىشىلىرىمىز كوممۇنىستلارچە ئانالىز قىلىپ، ئۇلارغا پەتىۋا تېپىپ بېرىشكە ئۇرۇنىدۇ. مىللەت مەنپىئەتى ئۈچۈن ئەزىز جانلىرىنى قۇربان قىلىۋاتقان شېھىتلارنى كۆرۈپ تۇرساقمۇ ئۇلارغا ھېچ بولمىغاندا روھىي ھېسداشلىق قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇلاردىن قانداقتۇر بىر كامچىلىقنى ئىزدەپ تېپىشكە ئۇرۇنىمىز. باشقىلارنى قويۇپ، چېچەن مىللىتىنى ئالايلۇق. ئۆز ئىچىدىن بىرەر خائىنىنىڭ چىقىشىغا يول قويمايدۇ. مابادا بىرەر كىشىدىن ساتقۇنلۇق قىلىش ئېھتىمالى بارلىغىنى سەزسە، ئۇنى شۇ ھامان ئۇجۇقتۇرىۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار پۈتۈن دۇنيانى تىترەتكەن روسسىيادەك قۇدرەتلىك چوڭ دۆلەتكە ئون سەككىز يىل تاقابىل تۇرۇپ (چېچەنلەرنىڭ بارلىق نوپۇسى بىر مىلليونغا يەتمەيدۇ) ئۆزلىرىنىڭ ئالىي مىللىي ئاۋتونومىيەسىنى قولغا كەلتۈردى. تارىخچى دوستىمىز ئۆمەر ئىبراگىموۋ ئۆزىنىڭ «ئۆزىمىزنى ساقلاپ قالايلى دېسەك...» دېگەن ماقالىسىدا قانداق بولغاندا ئۇيغۇر مىللىتى مىللەت سۈپىتىدە يوقۇلىشى مۇمكىن، دېگەن سوئالغا جاۋاپ ئىزدەپ:

1. ئۇيغۇر بالىلىرى ئۇيغۇرچە سۆزلەلمەيدىغان، ئۇيغۇرچە خەت يازالمايدىغان، ئۇيغۇرچە خەتنى ئوقۇيالمايدىغان بولغاندا؛

ئىختىيارى بىلەن يول قويۇلغان خاتالىقتۇر. ھەقىقىي ئىمانلىق كىشىلەر چىن مەنادا ۋەتەنگە، مىللەتكە مۇھەببەت باغلىغان ئاشىقلاردۇر. «مىللەتنى سۆيۈش - ۋەتەننى سۆيۈش دېمەكتۇر، ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر». ئەرەپلەر ئۆز مىللىتىدىن باشقا مىللەتلەر بىلەن نىكاھلىنىشقا يول قويمايدۇ. بىزنىڭ قازاق، قىرغىز قېرىنداشلىرىمىز قۇدا بولىدىغان كىشىلەرنىڭ يەتتە ئاتىسىنى، يەنە كېلىپ - چىقىش نەسلىنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئاندىن قۇدىلىشىدۇ. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ باشقىلارنى يامان دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇر نەسلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بولغان زۆرۈر شەرتلەرنىڭ بىرىدۇر. شۇڭلاشقا، سىز ياشلىرىمىزنىڭ سەزگۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلىشىنى ئۈمۈت قىلىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئەڭ مۇھىم مەسىلە، مەن يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمدەك، مىللىتىمىز يوقۇلۇپ كېتىش گىرداۋىغا كېلىپ قالدى، شۇڭلاشقا مىللەتنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنىڭ چارىسىنى جىددىي ئويلاشتۇرۇپ كۆرۈش پەيتى كەلدى. مەن سىزلەرنىڭ بىر قىسىم مەبلەغ ئاجرىتىپ، شەھرىمىزدە بىر ئۇيغۇر مەكتىۋىنى سېلىشقا ھەرىكەت قىلىشىڭلارنىڭ، ھەتتا بىر قىسىم چوڭلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى، يېزىغىنى، ئۇيغۇر تارىخىنى بىلىۋېلىشىغا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ - ئادىتىنى ساقلاپ، ئادەبىيات - سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، قىسقىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللەت سۈپىتىدە ساقلىنىپ قېلىشىغا زىمىن ھازىرلىغان بولار ئېدۇق»، دەپ چۈشەندۇردىم. ئۇلار «ئىتتىپاق» جەمىيىتى بىر مەكتەپ قۇرۇش كومىسسىياسىنى تەشكىللەپ بەرسۇن. بىز شۇنىڭغا ماسلىشىپ بارلىق ئىشلارنى ئۇچۇق مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپ قىلىمىز، - دەپ جاۋاپ بېرىشتى. مەسىلە «ئىتتىپاق» ھەيئەتلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئېكەنلىكى روشەنلەشتى.

ژۈتىۈېتىپ، يوق قىلىش ئۈچۈن يۈرگىزىۋاتقان مىللىي ئاسسىمىلەتسىيە قىلىۋېتىش سەياسىتى سەۋەپ بولغان بولسا، ۋەتەن سىرتىدىكىلەرنىڭ پۈتۈن دۇنياغا تېرىقتەك تارقىلىپ كېتىپ، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە سەرسان ـ سەرگەندار بولۇپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن بولدى. ئۇنداق بولسا ئەندى نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟

مەن يېقىندا بىر توپ ھاللىق ياشلار بىلەن ئولتۇرۇشتا بىللە بولۇپ قالدىم. ئۇلارغا بىزنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغى، تارىخى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ دۇچ كېلىۋاتقان ئېغىر ۋەزىيىتىنى ئۆزەمنىڭ بىلىشىمچە چۈشەندۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىپ، مۇنداق بىر تەكلىپنى تەۋسىيە قىلدىم: «ئىسلام دىنى مىللىتىمىزنى خىتايلاشتۇرۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدىغان، تەۋرەنمەس قورغاندۇر. سىزلەرنىڭ مېچىتلارنى قۇرۇپ، جانابىي ئاللاھنىڭ ئىنسانلار قەلبىگە سالغان نۇرى، ئىسلام ئىدىيەسىنى تەرغىپ قىلىپ، ياشلىرىمىزنى يامان يوللارغا كىرىپ كېتىشدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئىشقى ـ مۇھەببىتى بىلەن ئىمانلىق قىلىپ، تەربىيەلەش يولىدا قىلغان خىزمىتىڭلارنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بەرسۇن. بۇ چىن ئېتىقاتلىق مۆمىنلەردە بولۇشقا تېگىشلىك بەزىلە تتور. شۇ قاتارىدا مونۇ بىر مۇھىم مەسىلىنى نەزىرىڭلاردىن ساقىت قىلىپ قويماسلىقىڭلارنى ئىلتىماس قىلىمەن. بىزنىڭ ئانا ۋەتىنىمىزدە خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى مىللەت سۈپىتىدە ژۈتىۈېتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاسسىمىلەتسىيە سەياسىتى ئەڭ خەتەرلىك خەۋىپ بولغان بولسا، ۋەتەن سىرتىدا نىكاھ بىلەن چاتىلىشىپ كېتىش، ئۆز خاھىشى بىلەن باشقىلارغا سىڭىپ كېتىش ئۈچۈن ھازىرلانغان زىمىندۇر. بىز ۋەتەن سىرتىدىكى مەملىكەتلەردە بەكمۇ ئاز سانلىق خەلىقدۇرمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن يالغۇز ئورۇس، نېمىس قاتارلىق باشقا دىندىكى خەلىقلەر بىلەنلا ئەمەس، شۇنداقلا مۇسۇلمان بولسىلا بولدى دەپ نىكاھلاندۇرۇشمۇ ناھايىتى چوڭ مىللىي يوقۇلۇپ كېتىشكە ئۆز

خالىمايدۇ ۋە ئويلىمايدۇ. ئۇلار ھەددى - ھېساپسىز بېخىل ئادەملەردۇر. يەنە ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئەمگەك قىلىپ ھالال پۇل تېپىشنى ئەمەس، ئەكسىچە ۋەتەن - مىللەتكە خائىنلىق قىلىش ھېساۋىغا ياشاش يولىنى تاللاپ ئالغان ئىمانسىز، نومۇسسىز مەخلۇقلاردۇر. ئۇلار قارا نىيەتلىك ئىپلاس، ئەخلاقى تامامەن بۇزۇلغان كىشىلەردۇر، ئۇلار پانىي دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ نەپرىتىگە، ئۇچرايدىغان نىجىسلاردۇر. بۇ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىككى يۈز يىل مابايىندا ئۇيغۇرلارنى ئۆز تەسىرى ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كېلىۋاتقان سىياستىنىڭ مەھسۇلىدۇر. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئىچىمىزدىن مۇناپىقلار كۆپ چىقىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ مىللىي پسىخولوگىيەمىزگە يات ناچار ئەخلاقتۇر.

دېمەك، بىز ئەندى ئۆزىمىزدىكى مىللىي ئەخلاقىمىزنىڭ قانچىلىق زەيىپلىشىپ، مىللىي غۇرۇرىمىزنىڭ ئاجىزلىشىپ، مىللىتىمىزنىڭ مۇنقەرىز بولۇپ كېتىش گىرداۋىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سېزىشكە باشلىدۇق. ھېلىمو كەچ ئەمەس، بىز ئۆزىمىزنىڭ بېشىمىزنى بىر سىلكىۋېتىپ، مىللەتنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۇمۇمىيۈزلۈك ھەركەتنى باشلىۋېتىشىمىز كېرەك، بۇ كېچىكتۈرۈپ بولمايدىغان پەرىز بولۇپ قالدى.

بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كوممۇنىستلارچە تەتۈر ئانالىز قىلىپ، خەلقىنىڭ دىققىتىنى مىللىي روھىدىن چەتلەشتۈرۈدىغان قۇرۇق پەلسەپە سېتىشىنى توختۇتۇپ، خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان مىللىي بوھراندىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدىنىشكە يۈزلىنىشى لازىم.

ئىنسانلار ھەر خىل ئىككى مۇھەببەت بىلەن ياشايدۇ. بۇلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئاللاھقا ئاشىق بولۇپ ياشاشتۇر. ئاللاھقا ھەقىقى ئاشىق كىشىلەر ئاللاھ بۇيرىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بېجاندىل ئورۇنلايدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ ۋەتەن، مىللەتنى قۇتقۇزۇشنى پەرىز قىلىپ بەلگۈلىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار بار بىساتىنى ۋەتەن – مىللەتنىڭ ئازاتلىق يولىدا سەرىپ قىلىشقا زۆرۈر تېپىلسا ئۆز ھاياتىنىمۇ ئاشۇ يولغا قۇربان قىلىشقا تەييار كىشىلەردۇر (مەن بۇ يەردە جىھات قىلايلى دېمەكچى ئەمەسمەن. پەقەتلە كىشىلەردىكى ئەخلاقىي سۈپەتنىڭ پەرقىنى چۈشەندۈرۈشنى كۆزدە تۇتتۇمەن).

يەنە بەزىلەر پۇل – مال دۇنياسىغا ئاشىق كىشىلەردۇر. ئۇلار بىر نەچچە خىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پۇل – مال تېپىشنىمۇ، شۇنداقلا ئۇنى مىللىي مەنپىيەت يولىدا سەرىپ قىلىشنىمۇ ئويلايدۇ. شۇ يولدا بايلىقىنى سەرىپ قىلىشنى ئۆزلىرىگە شەرەپ دەپ بىلىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر مال دۇنياغا شۇنچىلىك ھېرىسكى، ئۆز مەنپىيئىتىدىن باشقا ھېچ قانداق نەرسىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى

ھەققىدە سىلەر بىلەن مەسلىھەتلىششىنى خالار ئىدۇق. ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككى باشقا ئادەم بىلەن سۆزلەشكەندە يۇمشاق ۋە سىلىق سۆزلەش، ئويلىنىپ تۇرۇپ مەقسەتنى روشەن چۈشەندۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىش لازىم.

چوڭلار بىلەن سىلى، ئۆزلىرى، ئاياللار بىلەن (ھەتتا ئۇ سىزنىڭ قىزىڭىز بولسىمۇ) سىز دەپ مۇلايىم سۆزلەشنى، تەڭتۇش دوستلىرىڭىز بىلەن سەن دەپ سۆزلەشسىڭىز بولىدۇ دەپ تەۋسىيە قىلىمىز. بەزىلەر چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال دېمەستىن سەنلەپ سۆزلىسە يەنە بەزىلەر ئۆزىچە خوشاۋازلىق قىلىمەن دەپ ئورۇنسىز چاق - چاق سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزىنى قوپاللاشتۇرۇۋالىدۇ. بۇ چاق - چاق بەزى ئادەملەرگە ئېغىر كېلىپ كۆڭلىنى قالدۇرىدۇ. شۇڭا ئاڭلىغۇچىنىڭ شۇ ئادەمدىن رايى قايتىپ ھۆرمەت قىلىشى سۇسلىشىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىز ئۆزەڭدىن چوڭ ئادەم چاقىرسا لەببەي دەپ تۇرغىن، سۆز قىلسا - خوش دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ ئاڭلا، ئىشقا بۇيرۇسا خوپ دەپ بېجار كەلتۈر باللار بىلەن سۆزلەشكەندە باش كۆزىنى سىلاپ تۇرۇپ يۇمشاق سۆزلەڭلار دەپ نەسىھەت قىلاتتى. ئاياللارنىڭ يۇمشاق ۋە چىرايلىق سۆزنى ياختۇرىدىغانلىغىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ھەتتا ئۇ سىزنىڭ ئايالىڭ بولسىمۇ، يۇمشاق سۆزلەپ سىلىق مۇئامىلە قىلىشنىڭ لازىم. كۆپ سۆزلەش ئەقىلسىزلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇڭا ئاز سۆزلەپ كۆپ ئاڭلاش مەدەنىيەتلىكنىڭ بىر شەرتىدۇر. كۆپ سۆزلىسەڭ دوستۇڭنىڭ ۋاقتىنى ئالىسەن، دۈشمىنىڭگە سىرىڭنى ئالدۇرۇپ قويىسەن دەپ بېكار ئېيتمىغان.

مەدەنىيەتلىك بولۇشنىڭ مۇھىم شەرتى بىلىم ئېلىش - ئوقۇشتۇر ئەلۋەتتە. بىلىملىك ئادەم ھەممە ۋاقت ئۆز - ئۆزىگە ھېساپ بېرىپ تۇرىدۇ. مەن نېمە ئىش قىلدىم؟ مېنىڭدىن قانداق خاتالىق ئۆتۈلدى؟ ئۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ دەپ ئويلايدۇ. كىشلەرنىڭ

# مەدەنىيەتلىك بولۇشنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

1 ـ كىيىم كىيىش ھەققىدە: ئۆتكەندە ئۆزىنى خېلى سالاپەتلىك ھېساپلايدىغان بىر كىشى ھېيت نامىزىغا قىرغىز قالپىقىنى كىيىپ چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاغىنىلىرى ساڭا بۇ قالپاق ياراشماپتۇ، كىيمىسەڭمۇ بوپتىكەن دېسە، ئۇ تۇزۇك بىر سەۋەپ كۆرسىتەلمەستىن تېرىكىپ كەتتى.

بۇ مەسىلىدە زادى كىمنىڭ توغرا بۇنى ئانالىز قىلىپ كۆرەيلى. بىز قىرغىز قالپىقىنى كىيمەڭلار دېمەيمىز. بۇ ئەلبەتتە ھەر كىشىنىڭ ئۆز ئىختىيارى. لېكىن شۇنى مەسلىھەت بېرىمىزكى، قىرغىزستاندا ھەممە مىللەت ئوخشاشلا ھوقۇقتا ئېگە. ھېچ كىم ئالاھىدە ئىمتىيازلىق ئەمەس. ئەگەر ئەشۇ ئادەم ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي دوپپىلىرىدىن كىيىپ چىققان بولسا تېخىمۇ نۇر ئۈستىگە نۇر بولار ئېدى. چۈنكى ھەر مىللەت ئۆز كىيملىرى بىلەن بايراملارغا چىقسا بۇ قىرغىز جۇمھۇرىيىتىدىكى ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنى باشقىلارغا ئوخشاش ئەركىن ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىغان بولار ئېدى. شۇڭا قىرغىز خەلقى بىزنىڭ قىرغىز قالپىقى ئەمەس بەلكى ئۆز دوپپىمىز بىلەن يۇرگىنىمىزنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدۇ.

2 ـ تىل ھەققىدە: بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا ئانا تىلىنى بىلمەيدىغان كىشىنى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ دېيىشكە بولمايدۇ. تىل مىللەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. شۇڭا ئانا تىل ئانا سۈتىدىن باشلىنىشى كېرەك. بىز بۇ ماقالىدا مەدەنىيەتلىك بولۇش توغرىلىق يېزىۋاتقىنىمىز ئۈچۈن ئۆز ئارا چوڭلار ، ئاياللار ۋە ياشلار بىلەن سۆزلەشكەندە قانداق ئىبارىلەردە سۆزلىشىش لازىملىقى

# ۋەتەن سەۋداسىغا ئايلانغان ئاشىق!

يېقىندا شائىر ئابدۇمانناپ قاسىمنىڭ «خەلقىمگە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشىردىن چىقتى. كىتاپنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئالغان تەسىراتىمنى گېزىت ئوقۇغۇچىلىرىغا يەتكۈزۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇم. ئۇنىڭ «خەلقىمگە» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇغان هامان، ئۇتقا بەرداشلىق بېرەلمىگەن قوغۇشۇندەك ئېرىپ كەتسىڭىز، «ۋەتىنىمدىن چىقىپ كەت» دېگەن داستانىنى ئوقۇغاندا پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز پولاتتەك چىڭىپ، قولىڭىزغا زۇلپىقار تۇتۇپ جەڭ مەيدانىغا كىرگەندەك جەڭگىۋار هالەتكە كېلىپ قالىسىز.

شائىرنىڭ «خەلقىمگە» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئوقۇغاندا ئۇنىڭ ۋەتەن، مىللەت ئىشقىدا ئوت بولۇپ كۆيۈپ- يېنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تىرىك دوزاقتا بىللە كۆيۈۋاتقاندەك هېسقىلىسىز.

ئابدۇمانناپ قاسىم ھەقىقي چىن دىلى بىلەن ۋەتەن سەۋداسىغا ئايلانغان ئاشىق.

پەلسەپە پەنلىرىنىڭ نامزاتى ئىنىمىز ئەكبەرجان بائۇدۇنۇۋ: «ئەپسۇسكى بۈگۈنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ساپاسىز شېئىرلار يامراپ، كۆپلىگەن هەۋەسكارلىرىمىز ئىنجىقلاپ ئولتۇرۇپ مىسرا تولدۇرۇش هەلەكچىلىكىدە مەنا - مەزمۇننى ئەمەس، بوغۇم، قاپىيە، تۇراق ۋەزىن دېگەندەكلەرنى قوغلىشىدىغان بولۇپ كەتتى. شۇ سەۋەپتىن مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىۋاتقان بىر قىسىم شېئىرلارنى ئوقۇسىڭىز، كىشىگە بىر پىيالە قايناقسۇ ئىچكەنچىلىكمۇ تەسىر قىلالمايدۇ. ئەلبەتتە، شېئىرنى بوغۇم، تۇراق، قاپىيە قاتارلىق شېئىرى ئامىللارسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بىراق شېئىرىيىتىمىزدە كۆرىلىۋاتقان پىكىر يېڭىلىقىنىڭ بولماسلىغى، شۇئار تۈسىنى ئالغان دەبدەبىلىك ئىبارىلەرنىڭ كۆپلىگى ۋە

سۆزىنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئۆز سەۋەنلىكلىرىنى تۈزۈتۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. مەنمەنلىك شەخسىيەتچىلىك، زىددىيەتچىلىك، مەنسەپ پەرەستلىك بىلىمسىزلىكنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ ئىللەتلەر ئاخىرى ۋىژدانسىزلىق ۋە ساتقىنلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنداقلار ئاسانلا دۈشمەنگە سېتىلىپ كېتىدۇ.

(ئوخشمايدۇ ئۆرپى - ئادەت، ئېتىقات ۋە دىنىمىز).
جان چىقسىمۇ ئانا ژۇرتتىن ئايرىلمايدۇ تېنىمىز،
چۈنكى ئۇنىڭدا تۆكۈلگەن بىزنىڭ كىندىك قېنىمىز.
سېنىڭ بىلەن ياشمايمەن، ۋەتىنىمدىن چىقىپ كەت!
دەپ، ھەقىقىي ۋەتەن ئېگىسى سۈپىتىدە ۋەتەن داۋاسىنى كۆتۈرۈپ مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇ «ھەر زامان ئۆزەمدىن سوئال سورايمەن» دېگەن شېئىرىدە:

نە ئۈچۈن ساقايماس دىلىمنىڭ يارىسى،
نە ئۈچۈن چېكى يوق ژۇلمەتكە مەھكۇممەن؟
نە ئۈچۈن تېپىلماس ئامالىنىڭ چارىسى،
نە ئۈچۈن تەلەيسىز، پېشانەم شور-شۇممەن؟

دەپ، ئۆزىنىڭ ئىچ - ئىچىدىن تىتتىت بولۇپ كېتىۋاتقانلىغىنى ئىزھار قىلسا، «خاتاغا يول قويدۇم، ئەل قۇرالمىدىم» دېگەن شېئىرىدا:

ئۇقۇشماي، ئۆيۈمگە شەيتان كىرگەندە،
«پەرىشتە» مىكىن دەپ كۈتۈپ ئالدىمغۇ!
پىيالە لىق تولا زەھەر بەرگەندە،
«لەززەتلىك قەھۋە» دەپ يۇتۇپ سالدىمغۇ!

دەپ خەلقىمىزنىڭ ئالدانغانلىغىنى چۈشەندۈردۇ.
بىزنىڭ موشۇنداق مۇستەملىكە بولۇپ قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبىنىڭ يەنە بىرى مىللىي خائىنلارنىڭ ساتقۇنلىغىدىن ئېكەنلىگىنى «خائىن» دېگەن شېئىرىدە مۇنداق يازىدۇ:

ۋىژدانىنى ئابرويغا، مەنسەپكە سېتىپ،
جاللاتنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ يېتىپ.
ھەق بىلەن ناھەقنى قوشۇپ ۋە چېتىپ،
ئاغزىدا «سۆيىستوك» ئۇشقۇرتقان خائىن!

مەزمۇندىكى پۇچەكلىك قاتارلىق نۇقسانلار كىشىنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ» دېگىنىدەك ئابدۇماناپ قاسىم ئىنجىقلاپ مىسرا تولتۇرىدىغان، باشقىلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوغۇرلاپ، كۆچۈرۈپ، ئۆزەمنىڭ دەپ يازىدىغان، ئابرويپەرەس، نام چىقىرىش ئۈچۈن جان تالىشىدىغان، ياسالما شائىرلاردىن ئەمەس. ئۇ بۇلاقتەك قايناپ، فونتاندەك ئېتىلىپ چىققۇاتقان، «قوسىقىدا ئومىچى بار» ھەقىقىي قەلەم ئىگىسى، ئاتەشتەك يالقۇنلاپ كۆيۈپ تۇرغان، ئوت - ژۇرەك، كەمتەر، چىن مەنادا ۋەتەنپەرۋەر خەلىق پەرزەنتىدۇر.

ئابدوماناپ ئۆزىنىڭ «خەلقىمگە» دېگەن شېئىرىدا:

ھۇنلارنىڭ شانلىق يۈرۈشلىرىدە،

غەرىپنى پەسەنت قىلمىغان خەلقىم.

بابام مويۇنچۇر شاھلىق تەختىدە،

خىتاينى كۆزگە ئىلمىغان خەلقىم.

دەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمىش تارىخىدىكى قۇدرەتلىك دۆلەت بولغانلىقىنى يازغان بولسا، ئەندى:

كىم ئېدۇق ئەسلى بىز، كىم بولۇپ قالدۇق؟

كىملەرنىڭ قولىدا قۇل بولۇپ قالدۇق؟

كىمنىڭ دومبىقىغا ئۇسسۇللار ئويناپ.

كىمنىڭ «ئويىنى»غا ناغرا - ساز چالدۇق.

دەپ، ھازىر بىزنىڭ قانداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمىزنى شەرھلەپ بېرىدۇ.

ئۇ شېئىرلىرىدە خەلقىمىزنىڭ تارتىۋاتقان ئازاپ - ئوقۇبەتلىرىنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن رۇشەن چۈشەندۇرۇپ، پۇچۇلۇنۇپ يىغلايدۇ، ئاخىرى قۇللۇقنىڭ ئازاپىغا تاقەت قىلىپ ئۆلتۈرۈش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن مۇستەملىكىچىلەرگە «ۋەتىنىمدىن چىقىپ كەت!»، دەپ ۋاقىراپ، جاكا قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:

سېنىڭ بىلەن مىڭ قايناتسا قوشۇلمايدۇ قېنىمىز،

شائىر بۇ شېئىرىدە كۆرەشمەستىن ئەركىنلىكنىڭ قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇدۇ. ئابدۇمانناپ قاسىمنىڭ «خەلقىمگە» دېگەن شېئىرلار توپلىمىنى ئوقۇغان كىشى ئالتىنچى ئاي تومۇزدا تەكلىماكان چۆللىرىدە كاراۋان بىللە ژۈرۈپ چاڭقاپ كەتكىنىدە مۇزدەك بۇلاق سۈيىنى ئىچىپ ئۆسلىغى قېنىپ ھوزۇرلانغاندەك، سىز ئېيتالمايۋاتقان دىل سادالىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىنىڭىزدا جان - تېنىڭىز بىلەن راھەتلىنىپ كېتىسىز.

خەلقىمىزنىڭ بېشىغا چۈشۈۋاتقان ئېغىر زۇلمەتنى، مىللىتىمىزنىڭ مىللەت سۈپىتىدە يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپىنىڭ كۈچۈيۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىنىڭىزدا، ئۆزىڭىزنى ۋەتەن - مىللەت يولىدا قۇربان قىلىشقىمۇ تەييار، جاڭگىۋار ھالەتتە تۇرغاندەك ھېس قىلىسىز. قانچە تالانتلىق ئۇسسۇلچى بولغىنى بىلەن شۇنىڭغا لايىق فورما كىيدۈرۈلمىسە، باشقىلارغا تەسىرى كام بولغىنىدەك، كىتاپنىڭ مۇقاۋىسى مەزمۇنغا مۇۋاپىق چىرايلىق ئىشلەنمىسە، بەستىگە چۈشلۇق قالپاق كەيدۈرۈلمىگەندەك بولۇپقالار ئېدى. بۇ جەھەتتىن كىتاپنىڭ مومەررىرى ئەكبەرجان باۋدۇنۇۋنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرۇپتۇ. ئۇيغۇر خەلىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى تارىخى مەشئىلى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۇلۇق قەشقەر ھېتكارىنىڭ كۆرۈنۈشى كىتاپنىڭ «خەلقىمگە» دېگەن نامىغا ناھايىتى ماس كەلگەن. ھەر بىر قۇشنىڭ ئۆزىگە خاس ئاۋازى بولىدۇ. شۇڭلاشقا مەن شائىر دوستىمىز ئابدۇمانناپ قاسىمنى ۋەتەن ئىشقىدا بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن چىن دىلىدا سايراۋاتقان خەلىق بۇلبۇلى دېگىم كېلىدۇ.

ئۇلۇق ئاللاھ، ئەشۇ ھېتكا ئالدىدا مىللىتىمىزنىڭ ئازاتلىقى، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقىغا بېغىشلانغان تەنتەنەلىك توينى ئۆتكۈزىشكە نەسىپ قىلغاي.

دەپ خائىنلارنىڭ ئىككى يۈزلىملىك، نىجىس - پەسكەشلىكىنى پاش قىلىپ، يەنە:

ئاگاھ بول مىللىتىم كەينىڭدە خائىن!
جەڭگىۋار سېپىڭدە - قوينىڭدا خائىن!
پۈتۈڭنىڭ تېگىدە - ئالدىڭدا خائىن!
تۇمار دەپ ئېسىلغان بوينىڭدا خائىن!

دەپ خائىن ساتقۇنلاردىن چىگرانى ئايرىپ، ئاگاھ بولۇپ ژۇرۇشىمىزگە چاقىرىدۇ.

شائىر خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنى بېسىپ ئالغاندىن كېيىنكى ۋەزىيەتنى شەرھىلەپ، ئادالەتسىزلىككە نالە قىلىپ «مىللەتكە» ناملىق شېئىرىدە:

ئادالەتسىزلىككە بىز كەلدۇق غالىپ،
قانۇن شۇلارنىڭ زورلۇق توختىماس.
شەھەردە، يېزىدا شوجىلار غالىپ،
قاراقچى، ئوغرىلار تۇندە ئۇخلىماس.
قالمىدى ئادەملىك، هايا، پەدە - شەپ،
نە هۆرمەت، ئە ئىززەت ۋە ياكى ئەدەپ.
هاكىم مۇتلەقتۇر شەرمەندە زامان،
يوقالدى قېرىنداش، ۋاپا دېگەن گەپ.

دەپ خىتاي جاللاتلىرىنىڭ بالائىي ئاپەت - راسۋالىقلىرىنى پاش قىلىدۇ. ئابدۇمانناپ قاسىم «يالقۇنلىغان ئوت تۇتاشتى تېنىمگە» ناملىق شېئىرىدە:

پەتىۋاغا ئىشەنمەڭلار يارانلار!
مەرت ئوغلانغا بۇ دۇنيادا زاۋال يوق ،
سېتىپ ئۆتسە ئۆتسۇن مەيلى خائىنلار
كۈرەشمەستىن بىزگە باشقا ئامال يوق.

بولغاندىن كېيىن ئۇ ئەركىشى بۇ ئايالنى «تالاق» قىلىشى لازىم. شۇندىن كېيىنلا ھېلىقى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئېرىغا باشقىدىن نىكاھ قىلىپ ياراشتۇرۇپ قويسا بولىدۇ - دېدى.

لېكىن ئۆيدە ئۈچىنچىدىكى پالتوسىنى يەشمەي، بېشىدىكى قۇلاقچىسىنىمۇ ئالماي ئولتۇرغان ئالپازىدىن مىجەزىنىڭ چۇسلىغى بىلىنىپ تۇرغان كىشىنىڭ بىساتىغا بۇ سۆزلەر ئانچە سىغمىغان بولسا كېرەك. ئۇ كىشى سۆزنى چورت ئۈزۈپ باشقا ياققا بۇراش نىيىتىدە.

- تەخسىر! «تالاق - پالاق» نى قويۇپ تۇرۇپ بىزگە ھالال - ھارام توغرىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىڭا، قۇرئان ئوقۇشى ئۈچۈن ئالغان پۇل ھارامىمۇ - ھالالمۇ؟ - دەپ تىكىلدى ئىمامغا قاراپ. ئەمما ئىمام ئاخۇنۇم ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلمىغاندەك بولۇپ:

- مانا قۇرئان كەرىمدە «تالاق - قىلىنغان ئايال بىلەن ياشاشنى ھارام قىلدى. شۇڭا «ئۈچ تالاق» دېگەننى ياشلىرىمىزغا چۈشەندۈرۈشىمىز جائىزدۇر - دېدى. لېكىن ھېلىقى ئاچچىغى يامان كىشىنىڭ تېخىمۇ جودۇنى تۇتۇپ كەتتى.

تەخسىر! - دېدى ئۇ قاتتىق ۋاقىراپ، - زادى «تالاق» دېگەن نېمە، شۇنىڭغا جاۋاب بېرىڭا؟

- «تالاق» دېگەن ئەرەپچە سۆز بولۇپ بىزچە «قويدۇم» دېگەن سۆزدۇر - دېدى ئىمام. ھېلىقى ئادەم بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر قايناپ كەتتى.

- ئۇنداق بولسا، «قويدۇم» دەپ قويغانغا ئۆزىنىڭ خوتۇنى ئۆزىگە ھارام بولۇپ كېتەمدۇ؟ قويسىلا ئاخۇنۇم، مۇنداق قاملاشمىغان سۆزنى، - دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۈچىنچى قارا كوستيۇم بىرىيۇكا، ئاق كۆينەك، بېشىغا شىلەپا كىيۋالغان ئەپەندى مىجەز بىرسى:

# تالاقنى تالىشىپ قالدى

- كىمدۇ - كىم رەپىقىسىنى ئۈچ قېتىم «تالاق» قىلسا يەنە ئۇرۇشقاندا «تالاق» دەپ ئۈچ قېتىم دېسە ياكى بىر قېتىمدىلا «ئۈچتالاق» دەۋەتكەن بولسا ئۇ كىشىگە ئەشۇ ئايالى راۋابولمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاش دۇرۇس ئەمەس - دېدى ئۆيىنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغان كەكەساقال، ئاق ئۇزلۇك چىرايلىق كەلگەن، ئۇستىگە ئۇزۇن پېرىجە، بېشىغا ئاق دوپپا كەيگەن، ئۆزىنى سىلىق - سىپايە تۇتۇپ ئەمرى - مەرۇپ سۆزلەپ ئولتۇرغان ئىمام. لېكىن ئىمامنىڭ ئۇدۇلىدا بېشىغا بېغىررەڭ دۇپپا، ئۈچىسىغا كوستىيۇم - بريۇكا كىيىپ ئولتۇرغان، چىشلىرى ئاپپاق سەدەپتەك پاقىراپ تۇرغان، ئۆزى قاپ - قارا ئورۇق ئادەم. ئېھتىمال «تالاق» توغرىسىدىكى بۇ گەپكە قانائەت ھاسىل قىلمىغان ئوخشايدۇ.

- تەخسىر، بىزنىڭ ياشلىرىمىز «تالاق» دېگەننى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار ئۆز ئارا چىقىشالماي قالسا «مەن سەن بىلەن ياشاشنى خالىمايمەن» دەيدۇدە زاكىسقا بېرىپ بىر ئاز پۇل تۆلەپ، نىكاھتىن چىقىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىش تاماملىنىدۇ. مىسالى، سىز دېگەندەك «تالاق» دەۋەتكەن بولسا ئۇ چاغدا نېمە قىلىش كېرەك؟ - دەپ يەنە سورىدى. ئىمام قۇرئان كەرىم سۆرىلىرىدىن ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدىن دەلىللەر كۆرسىتىپ «ئۈچ تالاق» قىلىنغان ئايال بىلەن ياشىقا بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا كىرىشتى. بۇ سۆزلەرمۇ ئۇنىڭ ئۇسسۇلىقىنى قاندۇرالمىغان ئوخشايدۇ.

- ئەگەر ئۇلارنىڭ بىر بىرىگە كۆڭلى بولسا نېمە قىلىش لازىم؟

- ئۇنداق بولسا ئۇ ئايالنى باشقا بىر ئەركەككە «تەھلى» نىكاھ قىلىش ھاجەت. يەنە باشقا بىر ئەركەككە ۋاقىتلىق نىكاھلاپ قويۇش كېرەك. ئۇلار مەلۇم ۋاقىت ھېچ بولمىغاندا بىر كېچە بىللە

بایاتىن سورۇندا ئۇنچىقماي تىڭشاپ ئولتۇرغان سالاپەتلىك بىر كىشى سالماقلىق قىلىپ جامائەت هازىر بىزگە تالاقنى تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ هاجىتى يوق. چۈنكى بۈنى هازىرقى ياشلار بىلمەيدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ. شۇڭلاشقا هازىر جامائىتىمىز ئىچىدە مەۋجۇت مەسىلىلەرئۈستىدە ئۆز ئارا ئەستايىدىل مەسلىهەتلىشىپ كۆرسەك ياخشى بولاتتى دەپ تالاش - تارتىشنى توختىتىپ قويدى.

- قويۇڭلار شۇ يوقىلاڭ سۆزلەرنى بىزگە ھازىر «تالاق-توغرىلىق ئەمەس، قانداق قىلىپ بالىلىرىمىزنى ئوقۇتساق بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا خەلقىمىز بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتتىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ؟ مانا شۇ مەسىلىلەرنى مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرساق بولاسمىدى. بىزنىڭ قوسىغىمىز توق، ھالال - ھارامنى مۇنازىرە قىلىپ ئولتۇرىمىز. ھازىر مىڭلىغان ئادەملەر ئىشسىزلىق، يوقسىزلىقتىن قىينالماقتا. ئۇلارغا قانداق ياردەم بېرىشكە بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلاشساق ياخشى بولماسمىدى - دېدى. بۇ سۆزلەر ئېھتىمال ئاخۇنۇمنىڭ ئېسىنى ژىغىۋېلىشىغا ئىمكان بەرگەن ئوخشايدۇ. ئىمام دەرھال ئۆزىنى تۈزەپ بايلارنىڭ مال - مۈلكى ئۈچۈن بېرىدىغان زاكات، جانلىرى ئۈچۈن بېرىدىغان پىتىر - سەدىقىلىرىنى مەسچىتكە تاپشۇرسا ئۇنى يوقسۇللارغا تارتىپ بېرىدىغانلىقى، شۇنداق قىلىپ كەمبەغەللەرگە يار - يۆلەك بولۇش لازىملىقىنى سۆزلەپ كەتتى. لېكىن بۇ سۆزلەرمۇ ھېلىقى مېجەزى چۈس ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى.

- تەخسىر! - دېدى ئۇ يەنە - زاكات، پىتىر دەپ ئولتۇرماي نەزىر - چىراقلارنى قىسقارتىپ، تويلىرىمىزنى سەندىن مەن قالامدىم - دەپ ھارغىچە كۆچەپ داغدۇغۇلۇق قىلماي، ئۆز ئارا ژىغىنچاغراق قىلىپ سىز بىلەن ماڭا ئوخشاش قوسىغى توقلارغا بېرىدىغىنىمىزنى كەمبەغەللەرگە بەرسەك ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بولاتتى. بىزنىڭ توي، نەزىرلىرىمىزدە بولىۋاتقان ئىسراپچىلىق ئازمۇ؟ بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقان نانلار، تۆكۈلۈپ كېتىۋاتقان ئاش - تاماقلارنىڭ ھېسابى يوق. بىز ئۆزىمىزنىڭ يانچۇغىمىزنى ئويلىماي، مانا شۇ ئىسراپچىلىقلارغا چەك قويۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئەمرى - مەرۇپ قىلساق بولىدۇ. قۇلاق سېلىپ ئاڭلىسام «تالاق» دېگەنمۇ موللامنىڭ يانچۇغىنىڭ غېمىكەن - دەپ قايناپ كەتتى.

سەپەر ئۇزۇن، يول قىيىن، كېچە-كۈندۈز توختىماي تۆمۈر چاقلىق ھارۋىنىڭ تاراق - تۇرۇق، جالدۇر - جۇلدۇرلىرىغا پەرۋا قىلماي بىر قانچە سوتكا، ھەتتا 10-15 كۈنلەپ مېڭىش لازىم.

بىز ئون نەچچە ئۇيغۇر پروۋودنىكلار «فرونزې - موسكۋا» پوئېزدا ئون يىل بىرگە ئىشلىدۇق. كۆپ ۋاقىتلاردا بىر ۋاگونغا يىغىلىپ چاي ئىچىپ، تاماق يەپ مۇڭدىشاتتۇق. مانا بۇ نۆۋەتمۇ «فرونزې - موسكۋا» پوئېزىدىكى ھەممە ۋەتەنداشلارنى ئىسمائىل ئاكام بىلەن ئالماس ئۆز ۋاگونىنىڭ بىرىنچى كۇپېسىغا مېھمانغا چاقىردى. مىرئابدۇل ئاكام ئۆيدىن پىشۇرۇپ ئېلىپ چىققان گۆشلىرىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدى. كەينىدىلا ئابدۇرېھىم ئاكا تارانوۋ گۆشنان، ئابلىز سالىموۋ قورىغان گۆش، ئابدۇكېرىم چىلىغان سەيلىرىنى ۋە باشقىلار ئۆيدىن ئېلىپ چىققان تاماقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەممىمىز جەم بولۇپ چىرايلىق ئولتۇرۇشتۇق. مانا شۇ چاغدا بۇنىڭدىن 50-60 يىل ئىلگەركى ئىسمائىل ئاكىنىڭ قىياپىتى كۆز ئالدىمغا كېلىشكە باشلىدى. غۇلجا شەھىرىدىكى «ئارغۇ مەھەللە» تۇگمەنىنىڭ ئالدىدا بىر توپ ئادەملەر توپلىشىپ ئالغان ئىدى. مەن، خالمەت، ئەمەت تاخۇن ئابدۇكېرىم قاتارلىق باللار توپ ئارىسىغا كىرىپلا مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاتلىق تۇرغان بىر ئادەمگە كۆزىمىز چۈشۈپ قالدى. چىرايلىق جەدە قاشقا ئات ئالدىنقى ئىككى ئايىغىنى تىك كۆتۈرۈپ كىشنەپ، يەرنى تەپكىلەپ تۇراتتى. ئاتنىڭ ئۈستىدە بېشىغا ئاي - يۇلتۇزلۇق كاكارى بار شەپكە، ئۈستىدە چىرايلىق گىمناستوركا، ئاستىدا گەلەپىي ئىشتان كىيگەن، كىچىككىنە چىرايلىق بۇرۇت قويغان، بىر يېنىغا تاپانچە (ماۋزۇر)، يەنە بىر يېنىغا قىلىچ ئاسقان، تۆرت يۇلتۇزلۇق پوگونى بار، چەبدەس، ھەربىچە كىيىم ئۆزىگە شۇنداق ياراشقان بىر ئادەم تۇراتتى.

- بۇ كىم؟، - دەپ سورىدىم خالمەتتىن. ئۇ:

# ئۇنتۇلماس كۈنلەر

**(1 - ئاۋغۇست تۆمۈريولچىلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن تۆمۈر يولدا ئىشلەپ ئالەمدىن ئۆتكەن ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ روھىغا بېغىشلايمەن)**

«مۇساپىر بولمىغىچە، مۇسۇلمان بولماس»، دېگەندەك كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ئەزىز ئانا ۋەتىنىمىزدە خىتايلارنىڭ قىلغان زۇلۇمىغا بەرداشلىق بېرىشى مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، جاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆي - ماكانىمىزنى، مال - ۋارانىمىز تاشلاپ سابىق سوۋېت ئىلگە چىقىپ، تېرىقتەك ھەر تەرەپكە تارىلىپ كەتتۇق. جان بېقىش كېرەكقۇ. ھەر كىم، ھەر جايدا قولىدىن كەلگەن ئىشنى قىلىپ تىرىكچىلىك قىلدۇق.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قېلىن توقايلىقتىن يول تېپىپ ماڭغان سەيياھلار كەبى دەسلەپكىلەردىن بولۇپ 6 كىشى قازاق تۆمۈر يولى بېشكەك بۆلۈمىگە ئۇزاتقۇچى (پروۋودنىڭ) تەييارلاش كۇرسىغا كىرىشكە مۇيەسسەر بولدۇ. ۋە بىر ئىلاجى قىلىپ ئوقۇشنى تۈگۈتۈپ،ئىمتىھان بېرىپ، خىزمەتكە ئورۇنلىشىدۇ. ئۇلار بىر ئاز ئىشلەپ، ئىشنىڭ يول - يورۇغىنى بىلىپ ئالغاندىن كېيىن بىرىنى - بىرى تارتىپ 1961 - يىلدىن 1969 - يىلىغىچە 80 دىن ئوشۇق ئۇيغۇر تۆمۈر يولغا ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ. ئۇلار: «فرۇنزې - موسكۋا»، «نوۋوسىبىرسك - فرۇنزې»، «فرۇنزې - نوۋوكوزنېتسك»، «فرۇنزى - جالال - ئاباد» قاتارلىق برىگادىلارغا 10، 15 تىن بولۇپ بۆلۈنۈپ سەپەرگە چىقىشقا باشلايدۇ.

تۆكۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن. بىز ھەممىمىز قىزىق چاقچاقلار بىلەن كۈلۈشۈپ ۋە مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ ئىشتىھا بىلەن تاماق يېيىشتۇق. بولۇپمۇ مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئاكام بىلەن دوستىمىز ئابلىز سەلىموۋلار قىززىق چاقچاق قىلىشاتتى. تاماق يەپ دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ناخشا ئېيتىشقا باشلىدۇق. ئابدۇرېھىم ئاكا باشلاپ «خان لەيلۇن»، «قاپقارا قوي كۆزلىگىم» ۋە سادىر پالۋاننىڭ، ئىلاخۇن كۆك كۆزنىڭ ناخشىلىرىنى بىرلىشىپ ئېيتىشاتتۇق.

كەيىندىن يالغۇز يەككە ناخشا ئېيتاتتۇق. مىجىت «بولبۇلۇم» دېگەن ناخشىنى، مەن «تۇگۇمەس ناخشا»نى، جامالدىن، سەلىملەرمۇ ئايرىم - ئايرىم ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ «بېۋاپا قېرىنداشتىن جان كويەر يات ياخشى» دېگىنى بەك راستقۇ. بىز بىر - بىرىمىزگە شۇنداق ئېچىلىپ كەتكەن ئېدۇقكى يولدا ۋاگون - ۋاگونغا بېرىپ بىر - بىرىمىزنى يوقلاپ تۇراتتۇق. ئۇيگە كەلگەندە چوقۇم ئۆز ئارا مېھمان بولۇشۇپ ئەھۋاللىرىمىزدىن خەۋەر ئېلىشاتتۇق. مانا شۇنداق پۈتمەس - تۈگمەس مېھىر - شەپقەت، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئالدىمىز 40 يىل، كەينىمىز 20 يىلدىن ئوشۇق كېچە - كۈندۈز بىللە ياشىغان قەدىردان دوستلىرىمىزدىن ئابلەت ئاكا، ماناپ ئاكا نۇردىنوۋ، ئەسپەر ئاكا قۇربانوۋ، غوجا قاسىم ئاكا، ئىسمائىل ئاكا، ئابدۇرېھىم ئاكا تارانوۋ، ئىززەتۇللا ئاكا، ئابدۇۋاھىت ئاكا، ئابلەي ئاكا، زەينىدىن ئاكا، مىرئابدۇللام ئاكا، ئەخمەت مۇسا ئاكا، رەخىم ئاكا، قاتارلىق مويسۇپەت ئاكىلىرىمىز، ئابلىز سەلىموۋ، زەينىدىن، ئابىتجان، نۇراخۇن، مۆمۈنئاخۇن، ياسىن ئاخۇن، ياسىن قاسىم، ماخمۇت، ماخمۇت تاھىروۋ، جالالىدىن، جامالدىن، ماناپ، ئەرشىدىن، ئابدۇساتتار، ئابلېكىم، سەلىمجان، سادىق، جۇماخۇن، ئەبەيدۇللا، شەمشىدىن، ئابدۇراخمان ئاكا، خېلىل، جامالدىن قاسىم، ئەنۋەر، سادىقجان، قەمىردىن، سېيىت، مېجىت، ئابدۇرېشىت، مۆيدۇن، ئابلېكىم

- ئىسمائىل ئاكام دېگەن ئادەم شۇ، - دېدى.
- نېمە ئىش قىلىدۇ؟، - دەپ يەنە سورىدىم.
- «كومبات»، - دېدى.
- كومبات دېگىنىڭ نېمە؟، - دەپ سورىسام، ئۇ:
- خىتايلارنى كۆمۈلدۈرۈپ ئۆلتۈرىدىغان ئادەم، - دېدى.

بىز ھەممىمىز بۇ ئادەمنىڭ تۇرقىغا كۆزىمىزنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتۇق. ئەنە شۇ شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرى ئىسمائىل ئاكام بىزنى مېھمانغا چاقىرىغان ئىدى. يەنە مېنىڭ خىيالىم ئاللىقانداق ژىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. ئېھ، بېتەلەي، شۇم پىشانە ئۇيغۇرۇم قېنى سېنىڭ:

«گاڭدەك چىنىققان ۋەتەن ئوغلى بىز،
دۈشمەنگە قارشى قانلىق كۈرەشلەردە،
پولات كۆكرەك كىرىپ ئالغا باسىمىز.

دېگەن مارشىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئېيتىپ، گۈپ - گۈپ دەسسەپ پاراتتىن ئۆتىۋاتقان جەڭگىۋار ئارمىيەڭ قېنى؟! قېنى سېنىڭ رەھبەرلىرىڭ؟ قېنى سېنىڭ ئاي يولتۇزلۇق كۆك بايرىغىڭ؟ قېنى سېنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتالغان دۆلىتىڭ، نەگە كەتتى؟ ... نەگە؟ نېمە بولدى؟ قۇشقاچچىلىكمۇ قارشىلىق كۆرسىتەلمەي، ئىبلىس دۈمبىمىزگە مىنىۋالسا ئۈنچىقماي يېتىپ بەرگەن، ئاق كۆڭۈل - ساددە قورقانچاق ئۇيغۇرۇم، مانا ئەندى بىز كىم بولۇپ قالدۇق؟...

بېشىمنى بىر سىلكىۋېتىپ ئۈستەلگە قارسام ھەر تۈرلۈك يېمەك ئىچمەكلىك توشۇپ كېتىپتۇ. ئىسمائىل ئاكىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئالماس شۇنداق ئوخشۇتۇپ پولو ئېيتىپتۇ. شۇ دەۋىردىكى تۈرسۇنئاخۇن ئۇستامۇ مۇنداق شېرىن پولو ئېتالماس ئىدى. يولدا توختىماي كېتىپ بارغان پوئېزد ئۈستىدە تاماق قىلىش ئوڭاي ئەمەس. پوئېزد قاتتىق تورمۇز قىلىپ قالسا، قىلىۋاتقان ئاش

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز.................................3

## شېئىرلار

ياشلىقىم.................................7
دوستۇم ھاجى ئەسلەيمەن سېنى.................................8
مەشرىپىم.................................9
كۆرەش ئۆلمەيدۇ.................................11
ئىرادىڭىز ئەلگە بىر كۆن ئەسقاتىدۇ.................................12
ئەسلەيمەن سېنى.................................15
بولدۇم.................................17
ئەۋلادىڭ مەڭگۈگە ئۇنتۇماس سېنى.................................18
دوستلارغا.................................19
ئائىلەمگە.................................20

## ھېكايىلار

قەپەزدىكى توتى قۇش.................................27
خائىننىڭ كاللىسى.................................32
ئايلىخاننىڭ كۆلكىسى.................................37

## ماقالىلار

«مىللەتچىلىك» دېگەن نېمە؟.................................49
بىز نەگە كېتىپ بارىمىز؟.................................55
ئۇنىڭ يىلتىزى نەدە؟.................................60
ۋەتەن داۋاسىنى كىم قىلىش كېرەك؟.................................66

ھاجىم، قادىرجان سىدىقجان، ئابلىمىت، مەھەممەتجان، پاتىگۈل، ئابدۇجېلىل، ئابدۇكېرىم قاتارلىق قەدىردان دوستلىرىمىز ئالەمدىن ئۆتتى.

پروۋۇدنىكلار سېپىدىن ئىنىمىز ھېلالىدىن ئىزىموۋنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ دەسلەپ پروۋۇدنىك بولۇپ ئىشلەپ، ئىش جەريانىدا ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىنستىرۇكتورلۇققا كۆتەردى. ئۆز ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇنلىغانلىقى ئۈچۈن «رېزېۋ پروۋۇدنىك» نىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇنىڭدىن كېيىن «تېخنىكىلىك تەكشۈرەش بۆلۈم»نىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. شۇنداق قىلىپ تەدرىجى خىزمەت دەرىجىسى ژۇقۇرى كۆتۈرۈلۈپ ھازىر «بىشكەك تۆمۈر يول ۋوكزالى»نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئۇ، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە خاس ئۆزىنىڭ تالانتلىق، ئىشچان ئېكەنلىكىنى نامايەن قىلماقتا. ئۇيغۇر خەلقى ئۆز ئىچىدىن ھېلالىدىنىدەك يېگىتلەرنىڭ كۆپلەپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە پەخىرلىنىدۇ.

بۇ يىل بىشكەك تۆمۈر يول ئىدارىسىدا 1- ئاۋغۇست تۆمۈر يولچىلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، تۆمۈر يولدا ئىشلەپ ئالەمدىن ئۆتكەن پروۋۇدنىكلەر تىلغا ئېلىندى. ھازىر ھايات پېنسىئونېرلارغا ماددى ياردەم بېرىلىدۇ.

بىز بىللە ئىشلەپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئەزىز ۋەتەنداشلىرىم ئۇلۇق ئاللاھ سىلەرنىڭ جايىڭلارنى جەننەتتە قىلسۇن! سىلەرنىڭ تۆمۈر يول فورمىسىدىكى ئەسكەرلەر كەبى ئۇيغۇر يىگىتلىرىگە خاس تېتىك، چەبدەس، جەڭگىۋار قىياپەتتىكى كۆرۈنۈشلار مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

ياشىن ھاجىم ماھمۇدى

# ۋەتەنگە مۇھەببەت

مۇھەررىر: مۇزەپپەرخان قۇربان
كوررېكتور: مەھەمەتجان ياسىن
پىكىر يازغان: ئەكبەرجان باۋدۇن - پەلسەپە پەنلىرىنىڭ نامزاتى
كوپيۇتېرلىق دىزاين: مەدىنە سوفىيېۋا

ئوفسېتلىق قەغەز 80گر.
ھەجمى 9 ب.ت. تىراژ 200 دانە.
ئو س ئو ئو «ئايات»
بىشكەك، تەشكەنت كوچىسى، 60

Ясын–хаджим Махмуди

# Вәтәнгә муһәббәт
# Любовь к родине

(стихи и рассказы)

Редактор: *Музаппархан Курбанов*
Корректор: *Махамматжан Ясын*
Рецензент: *Акбаржан Баудунов – кандидат философских наук*
Компьютерная верстка: *Мадина Софиева*
Бумага офсетная 80 г. Объем 9,0 п.л. Тираж 200 экз. Формат 60 х 84/16

Отпечатано в ОсОО «Айат» г. Бишкек, ул. Ташкентская 60

شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟.......................74
ۋەتەن داۋاسى مۇستەقىللىق ئۇچۇندۇر!...............77
بىزگە پەقەت ئەركىنلىك كېرەك......................89
ئەدەپ - ئەخلاق توغرىسىدا بەزى پىكىرلەر...........94
مەدەنىيەتلىك بولۇشنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟........108
ۋەتەن ساۋداسىغا ئايلانغان ئاشىق!................111
تالاقنى تالىشىپ قالدى..........................116
ئۇنتۇلماس كۈنلەر.............................120